# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

1987

ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

2

**شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى**

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى) ★

1987 - يىل 2 - سان (ئومۇمى 30 سان)

# مۇندەرىجە

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا............قەيۇم قۇربان 1

مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش... جۇ ۋېنچېڭ 12

پەلسەپىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ............ ئالىم سەيپى 28

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر ............ ئىسمايىل نىياز 34

ئەلشىر ناۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش............ ............ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن 43

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر...ئابدۇرۇسۇل قادىرى 67

مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقى توغرىسىدا ............ئۆمەر ئوسمان 77

«ئىز» رومانىدا ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ گەۋدىلىنىشى توغرىسىدا ............ ............ شەرىپىدىن ئۆمەر 91

مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئەدىب، ئەسەرلەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم............ شىرىن قۇربان 105

شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە تارىخىي رولى............يۈەن جىڭگۇاڭ 117

قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر داستان «ماناس»...تۇرغانباي قىلىچبېك 129

تۇرپان شىۋىسى توغرىسىدا............رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 135

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى — لۇ مىڭشەن... ۋاڭ جېڭلەي 141

ئۆزۈندىلەرنى توپلىغۇچى:............ ئابدۇكېرىم راخمان

# 新疆大学学报

1987年第2期

（哲学社会科学维文版）

（总第30期）

## 目　　录

论社会主义精神文明与社会主义法律的关系　克尤木·库尔班
民族立法初探　朱文成
哲学因果关系与刑法因果关系之比较　阿里木·赛依皮
新疆经济发展战略重点初探　司马义·尼亚孜
艾里什尔·纳瓦依哲学思想的剖析　阿布都许库尔·默罕默德依明
谈维吾尔谚语中的哲学思想　阿布都肉苏里·克迪尔
性格与气质　吾麦尔·奥斯曼
小说《探索者的足迹》中的美学原则　谢尔甫丁·吾麦尔
论在民族文学史上如何处理跨国跨民族的作家和作品问题　西仁·库尔班
试论维吾尔市民在民间文学中的历史地位和重要作用　袁志广
柯尔克孜长篇史诗《玛纳斯》　吐尔干拜
谈吐鲁番方言　热外都拉

# سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

قەيۇم قۇربان

پارتىيىمىزنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا: «ھازىرقى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىقنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشان 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان يېڭى ئاساسىي قانۇنغىمۇ كىرگۈزۈلدى.

مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى يېقىندىن بېرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مۇھىم بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە. مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇنچىلىقنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

مەدەنىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىجابىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى، ئۇ، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئورتاق يارىتىلغان ئىجتىمائىي بايلىق بولۇپ، ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەرىپەت دەرىجىسى بىلەن تەرەققىيات ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەم ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ مېۋىسى. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا دېگىنىمىز تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئەتنى ئۆز -

گەرتىش پائالىيىتىنىڭ مېۋىسى ماددىي مەدەنىيەت دېيىلىدۇ ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ دۇنياسىنىمۇ ئۆزگەرتىپ بارىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن مەنىۋى تۇرمۇشىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ بارىدۇ، بۇنىڭ مېۋىسى مەنىۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. ئۇ، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، سىياسىي، ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنىڭ مېۋىسى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، بىر تەرەپتىن، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ياخشىلىنىشى، ئاخىرقى ھېسابتا، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ ۋە ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ مەدەنىيىتى، قۇللۇق تۈزۈم مەدەنىيىتى، فېئوداللىق تۈزۈم مەدەنىيىتى، كاپىتالىستىك تۈزۈم مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. دېمەك، ھەر بىر ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە بولىدۇ لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مەدەنىيەت ياۋايىلىققا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىنسانلار نادان ۋە ياۋايىي ھالەتتە ياشايتتى. ئۇ چاغدا، كىشىلەر تەبىئەتتىكى تەييار مەھسۇلاتلارنى يىغىشقا ياردەم بېرەلەيدىغان ئاددىي قوراللارنىلا ياسىيالايتتى ۋە شۇ قوراللارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەبىئەتتىكى تەييار مەھسۇلاتلارنى يىغىپ ئىستېمال قىلىش، ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. مانا بۇ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا كۆرسەتكەن ئەڭ چەكلىك دەرىجىدىكى سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى ئىدى. شۇڭا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىخلىرىلا بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، ھەقىقىي مەدەنىيەت دەۋرى ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان. ئەمما قۇللۇق، فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك دەۋرلەرنىڭ مەدەنىيىتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا، ھەممىسى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە

مەنىۋى ھالاۋىتىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، قۇللۇق، فېئودالىق ۋە كاپىتالىزم جەمئىيەتلىرى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆز دەۋرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مەدەنىيەتنى بەرپا قىلدى، ھەممىسى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىغا ئورنىتىلغان كاپىتالىستىك مەدەنىيەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرقانداقىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ «كاپىتالىستىك زامانىۋى مەدەنىيەت» دەپ ئاتالدى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە قارىغاندا، تېخىمۇ يۇكسەك بىر تارىخىي باسقۇچ بولغاچقا، كاپىتالىستىك مەدەنىيەتكە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن زىچ باغلانغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشقان ئاساستا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتكە ئىگە بولغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى قاندۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەڭ يېڭى، ئەڭ يۇكسەك مەدەنىيەتتۇر. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەر قانداقىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ.

دېمەك، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنىڭ مېۋىسى. بۇ ئىككى مەدەنىيەت بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە بىر بىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ. ماددىي مەدەنىيەت مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتكە غايەت زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 2

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ، ئومۇمەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى — كوممۇنىستىك ئىدىيە.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات رادىئو-تېلېۋىزىيە، كىنو، سەھىيە، تەنتەربىيە، كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى، شۇنىڭدەك جىددىي ئەمگەكتىن كېيىن كىشىگە ئالىيجاناپ زوق ۋە مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىدىغان ساغلام، جانلىق، مەزمۇنغا باي ئاممىۋى كۆڭۈل

ئېچىش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭلا مۇھىم شەرتى بولۇپ قالماي، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ مۇھىم شەرتى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى ۋە دەرىجىسى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئالدى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرى بولمىسا، زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسى بولمىسا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، قىسقىسى، سوتسىيالىزم قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى مائارىپ، مائارىپ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

ئىدىيە قۇرۇلۇشى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە ئىلمىي نەزەرىيە، كوممۇنىستىك غايە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان خوجايىنلىق ئىدىيىسى ۋە كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيىسى، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق - مەجبۇرىيەت قارىشى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزام قارىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پىداكارانە روھ ۋە كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسى، سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزم قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى ئىنقىلابىي غايە، ئەخلاق ۋە ئىنتىزامدىن ئىبارەت.

غايىلىك بولۇش سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. غايە — كېلەچەككە تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش دېمەكتۇر. غايە ئىجتىمائىيلىق ۋە سىنىپىيلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان غايە بارلىققا كېلىدۇ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارمۇ ئوخشاش بولمىغان غايىگە ئىگە بولىدۇ. «ياشاشتىن مەقسەت - پۇل تېپىش» دەيدىغان قاراش بۇرژۇئاچە غايە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زاۋالغا يۈزلەنگەن سىنىپلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەزىل غايىدىن ئىبارەت. پەقەت كوممۇنىستىك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى غايىلا، يەنى كوممۇنىستىك غايىلا ئەڭ ئۇلۇغۋار، ئەڭ ئالىيجاناب غايە ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ كوممۇنىستىك غايىگە ئىگە

بولغاندىلا، ئاندىن روشەن كۆرەش نىشانىغا ۋە تىرىشىش يۆنىلىشىگە، ساپ ئىدىيىۋى تونۇشقا ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى ئەخلاقلىق بولۇشتۇر. ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك، شەرەپلىك بىلەن نومۇسسىزلىق، ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىك قاتارلىق ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە باھا بېرىدىغان قاراش، پرىنسىپ ۋە ئۆلچەمدىن ئىبارەت. ئەخلاق ئىدىئولوگىيىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىنىپىيلىققا ئىگە. ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بىز كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىمىز، كوممۇنىستىك ئەخلاق ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاقتۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە يادروسى كوللېكتىۋىزملىق روھ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى روھى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىن ئىبارەت.

ئىنتىزاملىق بولۇشمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. ئىنتىزام - كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇھىم بىر شەكلى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان زۆرۈر ۋاستە. ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئىنتىزام بولماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە ئىنتىزاممۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئىنتىزاملارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى ئادەم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلغان. پرولېتارىياتنىڭ ئىنتىزامى بولسا پرولېتارىياتنىڭ يۈكسەك تەشكىللىچانلىقى، پولاتتەك ئىنتىزامنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھەم كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئاڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئاڭلىق ئىنتىزام. شۇڭا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا پرولېتارىياتلىق ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ پرولېتارىياتلىق ئىنتىزام كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش بىلەن بىللە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك قانۇن - ئىنتىزاملىرىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پرولېتارىيات ئىنتىزامىنى مۇستەھكەملىگىلى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىغىلى ۋە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىككى ئاساسىي ساھەسى، يەنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساھەسى بىلەن ئىدىيە قۇرۇلۇش ساھەسى ئوخشاشلا مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئىدىيە قۇرۇلۇشى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇھىم نۇقتا، يادرو ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسى كوم -

مۇنىستىك ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ئىدىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ يېتەكچى قىلىنىدۇ. ئىدىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي غايە كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلۇغۋار، ئالىيجاناب غايە بولالايدۇ، ئەخلاق كوممۇنىزم بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەخلاق ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئالىيجاناب ئەخلاق بولالايدۇ؛ ئىنتىزاممۇ، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئاڭ ئاساسىغا ئورنىتىلغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق پولاتتەك ئىنتىزام بولالايدۇ؛ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن ئېنىق، توغرا نىشانغا ئىگە بولالايدۇ. قىسقىسى، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغاندىلا، ئاندىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ساھەسىمۇ، ئىدىيە قۇرۇلۇشى ساھەسىمۇ توغرا تەرەققىيات نىشانىغا ئىگە بولالايدۇ.

## 3

مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇن بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ماھىيەتلىك پەرقلەرگە ئىگە. قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان ۋە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ھەرىكەت قائىدىسىدىن ئىبارەت. قانۇن كۈچلۈك سىنىپىيلىققا ئىگە بولۇپ، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەن-پەئەتى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ئادەتتىكى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن بىلىملىرى، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرىدە سىنىپىيلىق بولمايدۇ. سىنىپىيلىققا ئىگە بولغان ئەخلاق، ئادەت ۋە سەنئەت، دىن نۇقتىئى-نەزەرلىرى مەلۇم سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، ئەمما دۆلەت ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئىجتىمائىي مىزان بولسىمۇ، دۆلەت تەرى-پىدىن تۈزۈلمىگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنمىغان بولغاچقا، قانۇنغا ئوخشاش مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە ئەمەس. مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇن يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىۋاسىتە بولىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسى پاراۋانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەم تارىخىي تەرەققىيات نەتىجىلىرى بىلەن خاراك-تېرلىنىدۇ. قانۇننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ۋە ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىنسانىيەت جەم-ئىيىتى مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق جەۋھىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، كەلگۈسى كوم-مۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالىيجاناب غايىۋى مەنزىلىنى نامايەن قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋاسىتىلىق بولىدۇ. ئۇ كوممۇنىزم غايىسى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى ۋە قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاساستا ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەت بويىچە تەرتىپكە سالىدۇ.

مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇن يالغۇز ماھىيەت جەھەتتىنلا پەرقلىنىپ قالماي،
باشقا جەھەتلەردىمۇ پەرقلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ
بارلىققا كېلىشتىكى تارىخىي شارائىتى ۋە تەغدىرى ئوخشاش ئەمەس. مەنىۋى مەدەنى-
يەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولۇش بىلەن بىللە پەيدا بولغان، قانۇن بولسا،
خېلى ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن، يەنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سىنىپلارغا بۆلۈنگەندىن
كېيىن، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە دۆلەت بىلەن بىللە بارلىققا كەلگەن.
كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە بارغاندا، يەنى سىنىپ ۋە دۆلەت تامامەن يوقالغاندا قانۇنمۇ
ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەت يەنە داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ.
ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى ئوخشاش ئەمەس. قانۇن
چەتكە قېقىش خاراكتېرىغا ئىگە. بىر دۆلەتتە ياكى بىر رايوندا، بىرلا خىل قانۇننىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇكى، ئىككى خىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق
قانۇنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ شۇنداقلا بىر خىل
قانۇن ئىچىدىمۇ ۋە بىر خىل قانۇننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ، زىددىيەت
بولۇپ قېلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇنداق ئەمەس،
ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسى جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ،
لېكىن باشقا ئىدىيە - ئاڭ ھالەتلىرىنىڭ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى چەتكە
قاقمايدۇ. بىر دۆلەت ياكى بىر رايوندا بىرلا ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنى-
يىتىلا ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي فور-
ماتسىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن، ھەتتا كەلگۈسى
ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە خاس بولغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىخلىرىمۇ بارلىققا كېلىشى
مۇمكىن. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى يادرو
قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لېكىن ئىلىم - پەن
ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنىڭ ساغلام بولغان تەركىب-
لىرىمۇ مەۋجۇت. بىزدە قىسمەن ئادەت قانۇنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قانۇنلىرىمىزنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى يازما قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشقان. ئەمما مەنىۋى مەدەنىيەتنى
ئۇنداق يازما شەكىلدە مۇقىملاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بەزىلىرى
يېزىق بىلەن ئىپادىلەشكە مۇھتاج ئەمەس، كۆپ قىسمى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە
جامائەت پىكرى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ خىزمەت
قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. قانۇن ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن نوقۇل ۋە ئىزچىل
خىزمەت قىلىدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت بولسا، ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن نوقۇل ۋە ئىزچىل

خىزمەت قىلمايدۇ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان ھۆكۈمران سىنىپ تارىخنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئىلغار ئىدىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىلغار ئىدىيىنى يادرو قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەت بولسا، ئاساسىي جەھەتتىن ئاشۇ ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. زاۋالغا يۈز تۇتقان ھۆكۈمران سىنىپ تارىخنىڭ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى يادرو قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيە قىسمى بارغانسېرى چىرىپ، مەدەنىيەتتىن مەدەنىيەتسىزلىككە ئايلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، كونا جەمئىيەت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى سىنىپنىڭ ئىدىيىسى كونا ئىدىيىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، يېڭى تىپتىكى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە ھۆكۈمران سىنىپقا قارشى مەيدانغا ئۆتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن قانۇن بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ئەمەس. قانۇن زورلۇق ۋاستىسى. مەنىۋى مەدەنىيەت بولسا، زورلۇق ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەۋھىرى. قانۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان ھەرىكەت مىزانى، مەنىۋى مەدەنىيەت بولسا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلىگەن مەنىۋى قىياپىتى.

## 4

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسە.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك قانۇنغا باشتىن-ئاخىر ئىجابىي، ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. قانۇن قەدىمكى يەن، شۇنداقلا ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان پەن. خەلق ئاممىسى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بەلگىلىك ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ، قانۇن تەسىس قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمايدۇ. بەلگىلىك ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قانۇنىنى تەنقىد قىلالايدۇ، پرولېتارىيات قانۇنى بىلەن بۇرژۇئا قانۇنىنىڭ پەرقىنى ئايرىيالايدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىگىلەپ، قانۇن ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ. نادان، قالاق، ساۋاتسىز ئەلدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇكەممەل قانۇننىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، قانۇنغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىدۇ. قانۇن ھەرقانچە مۇكەممەل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، نازارەتچىلىك بولمىسا، ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا قىڭغىر كېتىپ قالىدىغان، ھەتتا بۇرمىلىنىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىجرا قىلىنمىسا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق قەغەز بولۇپ قالىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە، خەلق ئاممىسى قانۇننىڭ ئىگىسى، خەلق ئاممىسى قانۇننى تۈزۈش بىلەنلا قالماي، يەنە قانۇنغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىدۇ. خەلق ئاممىسى قانۇنغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوخشاشلا بەلگىلىك ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. قانۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، قانۇنغا نازارەتچىلىك قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاكتىپلىقى، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان قەيسەرلىكى بولمىغان ئادەم قانۇنغا نازارەت قىلالمايدۇ، ياكى نازارەت قىلىشنى خالىمايدۇ ۋە ياكى نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. خەلق ئاممىسى بەلگىلىك قانۇن بىلىملىرىگە ۋە ئاڭ-سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن قانۇنغا ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىپ ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىپلا قالماي، بەلكى قانۇنغا نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى باتۇرلۇق ۋە ماھىرلىق بىلەن يۈرگۈزەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارنى ئازايتىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ناھايىتى زور ئابرۇيغا ئىگە. شۇڭا، دۆلەت قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىشى، ھەرقانداق پارتىيە ۋە شەخس قانۇننىڭ دائىرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشى شەرت. لېكىن، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. قانۇن بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە نىسپىي مۇقىم بولىدۇ. ھەرقانچە مۇكەممەل بولغان قانۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۈچۈن كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىمۇ باشقا شەرتلەرنىڭ تۈرلۈك چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن ئۆلچىمىنى ئىگىلىشى، ئاڭ سەۋىيىسى، ئىدىيىۋى ھالىتى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇننى ھۆرمەت قىلىشى ۋە قوللىشى قاتارلىق شەرتلەر قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى مەنىۋى مەدەنىيەت دائىرىسىدىكى ئىشلار. مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئەخلاق، ئادەت، ئىنتىزام قاتارلىقلارمۇ ئىجتىمائىي مىزان ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەرتىپكە سالىدىغان دائىرىسى قانۇننىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ. نۇرغۇن مەسىلىلەرنى قانۇنغىلا تايىنىپ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بەزى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى قانۇنغا مۇھتاج ئەمەس. بەزى ھاللاردا جامائەت پىكرىنىڭ، يەنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ كۈچى قانۇننىڭ كۈچىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ،

مەدەنىيەتسىزلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولمايدۇ. ئەمما، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش چوقۇم مەدەنىيەتسىزلىك بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ، جىنايى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدەنىيەتسىزلىكتىن باشلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش كىشىلەرنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەت، ئائىلە قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىشقا، ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق. ئىشتىن ئاۋالقى ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە سەل قارايدىغان، ئەيىپلەشنىلا بىلىپ، تەربىيىلەشنى بىلمەيدىغان جازا پەرەستلەر ھەم جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ ھەم جىنايى ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك تۈردە قاتتىق زەربە بېرەلمەيدۇ ھەم يولدىن ئازغانلارنى قۇتقۇزۇۋالالمايدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى ئازايتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئاساسەن، مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىشەنچلىك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق ئېنىق بەلگىلىمىلەر بېرىلگەن: «دۆلەت سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ»، «دۆلەت تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ»، «داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ...... راۋاجلاندۇرىدۇ»، «تەنتەربىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ»، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى، ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى، نەشرىياتچىلىق، كىتاب تارقىتىش ئىشلىرىنى، كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ»، «دۆلەت سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، زىيالىلار قوشۇنىنى كېڭەيتىدۇ»، «دۆلەت غايە تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسىنى...ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق... سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ.» ئاساسىي قانۇننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بۇ بەلگىلىمىلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنىي جازاغا تارتىلىدۇ. قانۇن قورالىدىن

پايدىلىنىپ، ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن جىنايى ئىشلارنى ئازايتقىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەتكەسچىلىك، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى قوغداپ قالغاندىن تاشقىرى، خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇرغان، زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئوغرىلىغان ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلغان مەدەنىيەت جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شەھۋانىيلىقنى تەرغىب قىلىدىغان كىتاب، سۈرەت، سىن ئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسىغان ۋە ساتقان، سوتسىيالىستىك نىكاھ-ئائىلە مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ۋە چىرىتىشكە قارشى سەزگۈرلىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشى-يامانلىقى مەنىۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزان، تۈرلۈك جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ياخشىلىغاندىلا، ئاندىن شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى، خىزمەت تەرتىپىنى، ئوقۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات تەرتىپىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئادەم خاتىرجەم بولىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بارلىق خەلقنىڭ يۈكسەك قىزغىنلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ھەم جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنى غايەت زور ئابرويغا ئىگە. بۇ ئابروي تۈرلۈك جىنايى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى ئىلغار ھەرىكەتلەرنى، نەمۇنىچىلارنى، قەھرىمانلارنى، ئىجادىيەتچىلەرنى، كەشپىياتچىلارنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش جەھەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇندا: «پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە تېخنىكىغا دائىر ئىجادىيەت-كەشپىياتلارنى مۇكاپاتلايدۇ»، «ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ»، «دۆلەت مائارىپ، ئىلىم-پەن، تېخنىكا، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پۇقرالارنىڭ خەلققە پايدىلىق ئىجادىي خىزمىتىگە ئىلھام ۋە ياردەم بېرىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلىمە بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەشپىياتلارنى مۇكاپاتلاش نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بويىچە مۇكاپاتلاش نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ

# مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

جۇ ۋېنچېڭ

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت. بىزنىڭ بۇنداق كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار چوڭ ئىش. شۇڭا، مىللىي قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، قانۇن ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ مىللىي مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سېلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى بىلەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش مىللىي قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى. ئەمما، قانۇنغا دائىر كىتابلارنىڭ ھېچبىرىدە مىللىي قانۇننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە، مىللىي قانۇن مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا، گەپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېتىبارسىز قاراۋاتقانلىقىدا، خالاس. مەن بۇ ماقالامدا ئۆزەمگە باقماي، بۇ مەسىلىنىڭ ئۇقۇمى، تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان بەزى مەسىلىلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن.

---

ئىلمىي ئۇنۋان نىزامى» تۈزۈلدى ۋە ئېلان قىلىندى. بۇ قانۇن ھۆججەتلىرى غايەت زور مەنىۋى كۈچكە ئايلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇشتىكى يۈكسەك ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش، كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە غايەت چوڭ رول ئوينىدى ۋە ئوينىغۇسى.

يىغىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇن بىر بىرىنى شەرت قىلىدىغان، بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما بىرىنىڭ ئورنىغا بىرىنى دەسسىتىشكە بولمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. شۇڭا، يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك قانۇننى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ زور كۈچ بىلەن تىرىشىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

1

«مىللەت ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكتۇر.»① ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدىكى كۆپ تەرەپلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئىپادىسى مىللىي مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان مىللىي مەسىلە تۈرلۈك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياكى زىددىيەت مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، نىكاھ - ئائىلە، تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ساھەلەردە ئىپادىلىنىدۇ، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت پۈتۈن جەريانغا سىڭگەن بولىدۇ.

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە، مىللىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە، دۆلەتنىڭ تىنچ - ئامان بولۇشى ياكى خەۋپ - خەتەرگە يولۇقۇشى، گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەرقاندىقى مەلۇم قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى قائىدىلەشتۈرىدۇ ۋە تەرتىپكە سالىدۇ، ئۆز سىنىپىغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى ئورنىتىدۇ، قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ھەرقايسى مىللەتلەر بىردەك رىئايە قىلىدىغان بىر ئومۇمىي قانۇن شەكلىگە كىرگۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىغا تەرىپ بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇنى قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن مۇنداق ئىپادىلەشكە بولارمىكىن: مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش دېگەنلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە رەسمىيەتلەر بويىچە، مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا دائىر قانۇن - قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىش (ياكى ئېتىراپ قىلىش) پائالىيىتىدۇر.

مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ خاراكتېرى، ئالدى بىلەن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە باغلىق. ئىجتىمائىي، مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەرگىز كىشىلەرنىڭ خاھىشى بويىچە ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بەلكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ

① «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 102 - بەت.

چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك
تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە، مىللىي مەسىلە، ئاساسەن، سىنىپىي ئېكسپىلاتا-
تسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن كېلىپ چىقىدۇ. ماركس «پولشا توغرىسىدا» دېگەن ماقا-
لىسىدا كاپىتالىزمدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك
ئۈستىدە توختالغىنىدا كۆرسەتكەندەك: «مەۋجۇت مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋەتلىرى بەزى مىل-
لەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.»① مىللىي
ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە، ئالدى بىلەن ۋە ئاساسلىقى،
ئەزگۈچى مىللەتلەر ئىچىدىكى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ئىچىدىكى
كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىدۇر. سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە
مىللىي مۇناسىۋەتلەردە ۋە مىللىي مەسىلىدە ئەكس ئېتىپ، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي
كۆرەشنى شەكىللەندۈرىدۇ. قانۇن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قانۇن دەپ تونۇلغان ئىرادىسى،
يەنى دۆلەت ئىرادىسى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالغۇچى سۈ-
پىتىدە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان
قورالىدۇر. تارىخىي تەرەققىيات جەريانى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، ھۆكۈمران ئورۇن-
دا تۇرغانلىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئۆزىنىڭ
دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مۇنا-
سىۋەت جەھەتتىمۇ ھامان ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي كەمسى-
تىش ۋە مىللىي تەڭسىزلىك نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە
مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى پائال يولغا قويىدۇ ھەم قانۇننى مىللىي زۇلۇمنىڭ قورالى
قىلىدۇ. «بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىي باراۋەرلىك، جۈم-
لىدىن مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى مەسىلىنىڭ ئابستراكت ياكى شەكلەن ھال-
دا قويۇلۇشى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىگە خاس نەرسىدۇر. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئومۇ-
مىي كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى دېگەن نام ئاستىدا، مۈلۈكدارلار بىلەن پرولېتارلار،
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى شەك-
لەن ياكى قانۇنىي باراۋەرلىكنى جاكالايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى
تازا ئالدايدۇ.»② چاررۇسىيە ئۆزى بويسۇندۇرغان 100 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت-
نى پۈتۈنلەي يەس مىللەت دەپ قاراپ، كۈچىنىڭ بېرىچە چوڭ رۇس شوۋىنىزىمى
كەيپىياتىنى قوزغىغان، رۇسلارنى رۇستىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش، ئۆچ
كۆرۈش ۋە بوزەك قىلىشقا قۇترىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ھەددىدىن زىيادە جەبىر-
زۇلۇم سالغان. شۇڭا، لېنىن غەزەپىنى باسالماي: «رۇسىيە — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 492 - بەت.
② «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 271 - بەت.

تۇرمىسى»، ئۇ «مىللىي زۇلۇمنىڭ دۇنياۋى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى» دېگەن.① ھازىرقى دەۋردىكى مەدەنىي دۆلەت بولغان ئامېرىكىدىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىر بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىماقتا. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى شتات تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن بۇ شتاتلار ئىختىيارىي بىرلىشىش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى سېتىۋېلىش، ئالداپ قولغا كەلتۈرۈش، ھەتتا قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىش قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇلغان، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ قانۇنلىرىدا، ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا دائىر مەخسۇس تۈزۈلگەن قانۇن لايىھەلىرى بار، ئىرقىي ئاداۋەت تۈپەيلىدىن، نېگىرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئاق تەنلىكلەردىن تۆۋەن، ئەمما نېگىرلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى ئاق تەنلىكلەردىن يۇقىرى، ئامېرىكىدا، نېگىرلارنىڭ ھوقۇقىنى بەلگىلەيدىغان خەلق ھوقۇقى قانۇنى كۆپ قېتىم تۈزۈلگەن بولسىمۇ، نېگىرلارغا بولغان ئەمەلىي جەھەتتىكى ئىرقىي ئايرىمىچىلىق باشتىن - ئاخىر توختىتىلمىدى. ئامېرىكىدا ھازىرغىچە ئىرقچىلىق داۋاملاشماقتا، نېگىرلار ھەدەپ كەمسىتىلمەكتە. ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق نېگىر ئەربابى ۋە ئالىمى مانىنىن. مابۇل غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: ئامېرىكىدا «ھازىر نېگىرلارنىڭ ئۆز قولىدىكى ھەققانىي ھوقۇقلاردىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەھرۇم قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھەممە يەردە كۆرۈۋاتىمىز». جەنۇبىي ئافرىقىدا، ئاق تەنلىكلەر ئىرقچىلىق ھاكىمىيىتى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتى ۋە قانۇنىنى قىلچە تەپتارتماستىن يولغا قويماقتا، يەرلىك رەڭلىك ئىرقلارغا بولغان ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك ئىنتايىن چېكىگە يەتمەكتە.

يوقىرىدىكىلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تارىخ سەھنىسىدە تۇرۇۋاتقانلا ئىكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى بىلەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇنىي يول بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە قوغداش زادى مۇمكىن ئەمەس.

1914 - يىلى 5 - ئايدا، لېنىن «مىللىي باراۋەرلىك ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى قانۇن لايىھەسى» نى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ، بولشېۋىكلەر پارتىيىسى ئۆمىكى ئارقىلىق دۆلەت دۇماسىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويماقچى بولغان، ئەمما ئۇ چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا بۇرژۇئازىيە تۇرۇۋاتقان، پرولېتارىيات تېخى مەھكۇم ئورۇندا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئادەتتىكى قانۇن شەكلىدە ئىپادىلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قانۇن لايىھەسى ئەمەلگە ئاشمىدى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت مىللىي مەسىلىنى تۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىپ، مىللىي

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 392 - بەت، 22 - توم، 354 - بەت.

باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئاپتونومىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت ھازىرلىدى. مىللىي مەسىلىنىڭ سوتسىيالىستىك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىمۇ كۈن تەرتىپكە قويۇلدى.

2

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مەيلى سىياسىي قانۇن بولسۇن ياكى شەھەر ئاھالىسى قانۇنى بولسۇن، ھەممىسى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەلىپىنىلا كۆرسىتىدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ.»① سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە بارلىققا كەلگەن تەلەپلەردىن ئىبارەت بولۇپ، سوتسىيالىستىك كۆپ مىللەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى تەرىپىدىن ۋە بۇ بازىس ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى ۋە بىر قەدەر قالاقلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سوتسىيالىزم دەۋرى ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈللىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن دەل مىللىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تەلىپىنى «كۆرسىتىدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ» ھەمدە بۇ تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىكى تولۇق باراۋەرلىكىنى شەرتسىز ئېتىراپ قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ياكى مىللىي ھوقۇقنى چەكلەش ئىشلىرىنى قەتئىي مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسىي پرىنسىپنى تولۇق دېموكراتىيە ئاساسىدىكى دۆلەت يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ياكى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋە يومىشچىلىك، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورناتقان ۋاقىتتا، مەيلى قوشما شتات تۈزۈمىنى ياكى بىرلىك تۈزۈمنى يولغا قويسۇن، ھەممىسىدە مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تەكشۈرۈشى، تەتقىق قىلىشى، مۆلچەرلىشى ۋە ئىگەللىشى ھەم شۇ ئاساستا ئاساسىي پرىنسىپنى مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ پەرقلىرى جەھەتتە توغرا تەتبىقلىشى ۋە قوللىنىشى لازىم. مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش سوتسىيالىستىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 122 - بەت.

ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان مەخسۇس قانۇن قائىدىلىرىنى تۈزۈش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىشنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ماددىيلاشتۇرۇپ، قائىدىلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىجراسىنى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى ئورنىتىش، قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى بىلەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرىدا مىللىي پەرقلەرنى يوقىتىپ، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

لېنىن، ستالىن سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشى بىلەنلا، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى مىللىي مەسىلىگە دائىر بىر قاتار قانۇن - پەرمانلارنى ئېلان قىلدى. لېنىن مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، رۇس شوۋىنىزمىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى، ئۇ رۇسلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى «ھەقىقىي رۇسلارچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغانلىق» دەپ ئاتىدى. ئۇ يەنە قەتئىي تۈردە: «مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ھەرقانداق ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشقا يول قويۇلمايدۇ، دېگەن ئاشۇنداق بىر ئاساسلىق قانۇن ماددىسىنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈش» كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن.① ستالىن مۇنداق كۆرسەتكەن: «ھەممە جەھەتتىن (تىل، مەكتەپ ۋە باشقا جەھەتلەردىن) مىللىي باراۋەرلىكنى يولغا قويۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەتنى تولۇق دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئاساسىدا، مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھەر قانداق يول بىلەن توسقۇنلۇق قىلىش ۋە چەك قويۇشنى مۇستەسناسىز ھالدا مەنئى قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن چىقىرىش كېرەك.»② يەنە «يەرلىك ئاھالىلار، مىللىي ئاھالىلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى قوللىنىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئالاھىدە قانۇن ئېلان قىلىش كېرەك؛ مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 59 - بەت.
② «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 186 - بەت.

سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەڭ قاتتىق ئىنقىلابىي ۋاستىلەر بىلەن سۈرۈشتە قىلىنمىغانلىقى ۋە جازالانمىغانلىقى توغرىسىدا قانۇن ئېلان قىلىش كېرەك.»① ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلغاندا، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا قەغەز يۈزىدە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تۈردە كاپالەت بەرگىلى بولىدۇ.»②

مەملىكىتىمىزدە، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىلا مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە، سوۋېت رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىر مۇنچىلىغان مىللىي قانۇن - نىزاملارنى ئېلان قىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، چېگرا رايون تايانچ بازىلىرىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى تېخىمۇ راۋاجلانغان. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە، ئازاد رايونلار ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، مىللىي قانۇننىڭ مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. 1946 - يىلى 4 - ئايدا، شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يىغىنىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «شەنشى — گەنسۇ — نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپلىرى» رەسمىي ماقۇللىنىپ، «چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي رايونلارنىڭ چېگرىسىنى ئايرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەت تەشكىل قىلىنىدۇ. ئۆلكىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا زىت كەلمەسلىك پىرىنسىپى ئاستىدا، ئاپتونومىيە قانۇن - نىزاملىرى تۈزۈلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. 1947 - يىلى 4 - ئايدا، ئىچكى موڭغۇل خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى» نى ماقۇللاپ، مەملىكىتىمىزدە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىشىدا يېڭى ئەسىر ئاچتى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە غەلىبە قىلىش، يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىش ھارپىسىدا، 1949 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى تەنتەنىلىك ھالدا ماقۇللىدى ۋە ئۇنىڭدا مىللىي قانۇن چىقىرىش ئىشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى: ئالدى بىلەن، ئومۇمىي پروگرامما قىسمىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىردەك ھالدا باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئىگە» دەپ بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مىللىي سىياسەتكە دائىر تۆت ماددىلىق مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىل-

① «ستالىن ئەسەرلىرى»، 5 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 222 - بەت.

② «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، 186 - بەت.

غان. بۇ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەملىكەت دائىرىسىدىكى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي قانۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن — «ئورتاق پروگرامما» غا ئاساسەن، دۆلىتىمىز دەرھال مىللىي قانۇن تەسىس قىلىشقا كىرىشتى. 1951 - يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىدىكى سۆزلەر، يەر - جاي ناملىرى، خاتىرە تاش ۋە تاختىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى ئېلان قىلدى. 1952 - يىلى يەنە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى ۋە «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. بۇ قانۇن - نىزاملار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە مۇھىم تارىخىي رول ئوينىدى، بولۇپمۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق مەخسۇس قانۇن بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

1954 - يىلى، بىرىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ تۈپ قانۇننىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنىڭ 3 - ماددىسىدا مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن، ئىككىنچى بابىدا يەنە مەخسۇس بىر پاراگراپ ئاجرىتىپ «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى» توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە بېرىلگەن، «ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيىلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

10 يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق دەۋرىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى-

مۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە-نىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىمۇ قايتا ئىزىغا چۈشتى. 1982 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-تىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان تۆتىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن بىرىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋالغا ئاساسەن، بىر مۇنچە يېڭى بەلگىلىمىلەرنى قوشۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ۋە كېڭەيتتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلىدى ۋە بېيىتتى. 1984 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-تىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا يەنە مەخسۇس «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررى-تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ماقۇللاندى، بۇ، مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن بويانقى ئەڭ مۇھىم مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-نومىيە قانۇنىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزامل-رىنى تۈزۈش ئىشىنى چىڭ تۇتماقتا، ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەسىس قىلىش ئىشى كى-شىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئەھۋالدا تۇرماقتا.

مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى چەكلىك ۋە شەكىل جەھەتتە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇل-غاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ، تەجرىبە توپلاپ بەردى، سوتسىيالىستىك مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى بولسا يېڭى دېموكراتىك قانۇن چىقىرىش ئىشىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولدى، ئۇ باشتىن - ئاياغ تۆت ئاساسىي پىرىنسىپنى يېتەكچى ئىدىيە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاساسىي پرىنسىپلارغىمۇ ئەمەل قىلدى.

1. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىنى كاپا-لەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئورتاق گۈللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.

2. دۆلەتنىڭ مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-تونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپ-لىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت.

3. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت قانۇنچىلىقى-

نىڭ بىرلىكى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنچىلىقىنىڭ جانلىقلىقىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، شۇنداقلا ئانا قانۇن، قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇن بويىچە تۈزۈلۈشى شەرت. قانۇنچىلىق قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن ئىجرا قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش يولغا قويۇلىدۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى بىلەن تۈپ مەنپەئەتىنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنچىلىقى پۈتكۈل قانۇنچىلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جايلارنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنى تولۇق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدۇ.

3

دۆلەتنىڭ تۈزۈلمە شەكلى قانۇن تەسىس قىلىش تۈزۈلمىسىنى تىزگىنلەيدۇ. فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە، مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيىلەردە، بىر تۇتاش ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرى بار، فېدېراتسىيىنى تەشكىل قىلغان ھەر قايسى مىللىي دۆلەتلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرى بار. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىدا مەركىزىي ھوقۇقچىلىق يولغا قويۇلغان، يەنى پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ ۋە ھەر قايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش پروگراممىسى سوۋېتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ، ھەربىر قانۇن تەسىس قىلىش پروگراممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرى رىئايە قىلىشى شەرت بولغان مەزكۇر تارماق قانۇنلارنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدىن ئىبارەت، ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر تۈزگەن قانۇن دەستۇرلىرى ۋە ئالاقىدار قانۇنلار بولسا قانۇن تەسىس قىلىش پروگراممىسىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشىدىنلا ئىبارەت. يۇگوسلاۋىيىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىدا تارقاق ھوقۇقچىلىق يولغا قويۇلغان، يەنى ئۇنىڭدا قانۇن تەسىس قىلىش ھوقۇقىنى فېدېراتسىيە ۋە ھەرقايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر، ئاپتونوم ئۆلكىلەر ئورتاق يۈرگۈزىدۇ. يۇگوسلاۋىيىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا ھەممە ساھەلىرىگە سىڭگەنلىكى ئۈچۈن، يۇگوسلاۋىيىدە مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان ۋە ئىنچىكە تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. يۇگوسلاۋىيىدە دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان تۆت

قېتىم ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىندى، بۇ ئاساسىي قانۇنلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى ئوبيېكتىپ جەريانىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن. 1974 - يىلى ئېلان قىلىنغان ۋە ھازىرمۇ يولغا قويۇلۇۋاتقان فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى يۇگوسلاۋىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاساسىي قانۇنغا ئاساسلانغاندا، ھەرقايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ئاپتونوم ئۆلكىلەرنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ھوقۇقى يەنىمۇ كېڭەيگەن. ئۇلار فېدېراتسىيىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان ۋە مەملىكەت بويىچە بىردەك ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇنلارنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشقاندىن تاشقىرى، يەنە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلىنغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يۇگوسلاۋىيە جەمئىيىتىدە ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئورگىنى خاراكتېرىدە بولمىغان ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە دۆلەت تۈزگەن قانۇنلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئاپتونومىيىلىك كېلىشىم ۋە ئىجتىمائىي شەرتنامىلەرمۇ شەكىللەنگەن. بۇنداق ئاپتونومىيىلىك كېلىشىم بىلەن ئىجتىمائىي شەرتنامىلەر ھەرقايسى ئاپتونوم تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسىي قانۇن يول قويغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە، شۇڭا، يۇگوسلاۋىيىدە بۇ قانۇنلار «ئاپتونومىيە قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاپتونومىيە قانۇنلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى يۇگوسلاۋىيە قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىرقى دۇنيادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە، يۇگوسلاۋىيىنى قانۇنچىلىقى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ مۇكەممەل بولغان دۆلەت دېيىشكە بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىلغار بولغان مىللىي قانۇنى مىللىي مەسىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلغان ئىشەنچلىك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى فېدېراتسىيە تۈزۈمى شەكلىدە ئەمەس، بىرلا خىل تۈزۈم شەكلىدىن ئىبارەت. بىرلا خىل تۈزۈم دېگىنىمىز فېدېراتسىيە تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بىرلا ئاساسىي قانۇن، بىرلا مەركىزىي ھۆكۈمەت بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دۆلەتنىڭ مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ يەرلىك مەمۇرىي بىرلىكى، ئاپتونومىيە ئورگىنى بولسا دۆلەتنىڭ يەرلىك ئورگىنى، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ھەم ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولغان

ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، هەم ئۆزىنىڭ مالىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆزىنىڭ مالىي مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، مالىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، بۇنداق بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇلمىسى شەكلى مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش تۈزۈلمىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيىنىڭكىدىن خېلى زور پەرقلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنىدا، مەملىكىتىمىزدە مەركەز بىلەن جايلار بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى دەرىجىلىك قانۇن تەسىس قىلىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدىغانلىقى، يەنى مەركەز بىلەن جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەركەز بىلەن جايلار هوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەقسىم قىلىۋېلىپ قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇندا يەنە هەر دەرىجىلىك قانۇن تەسىس قىلىشنىڭ هوقۇق دائىرىسى بىلەن بىر تۇتاش قانۇن تەسىس قىلىش شەكلى بەلگىلىنىپ، تۈرلۈك قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەركەز دەرىجىلىك قانۇن تەسىس قىلىش ئورگىنى ئىككى قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ ئالىي هوقۇقلۇق ئورگىنى ۋە مەخسۇس قانۇن تەسىس قىلىش ئورگىنى بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، بۇنىڭدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، جىنايى ئىشلار قانۇنىنى، هەق تەلەپ ئىشلىرى قانۇنىنى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى ۋە باشقا ئاساسلىق قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش هوقۇقىغا ئىگە. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان قانۇنلاردىن باشقا قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش هوقۇقىغا ئىگە.

(2) گوۋۇيۈەن دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ هەمدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسلىنىپ، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ.

يەرلىك دەرىجىلىك قانۇن تەسىس قىلىش ئىشىدا ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

(1) دۆلەتنىڭ ئادەتتىكى يەرلىك هاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش هوقۇقى ئۆلكىلىك ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغىلا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە

مەمۇرىي نىزاملارغا تاقاشتۇرۇپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ.

(2) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملىرى ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

قانۇن تەسىس قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر يوسۇندا قائىدە خاراكتېرلىك تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر قانۇننىڭ مەنبەسى، يەنى قانۇننىڭ تۈرلۈك كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ نامى، ئورنى، ئۈنۈمى ۋە شەكلىنىڭ ئۇنى تۈزگەن ئورگاننىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدىكى قانۇن تەسىس قىلىش تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇنىدا بارلىققا كەلگەن قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىلغا ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ:

(1) ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەر ۋە مىللىي مەسىلىگە دائىر قانۇن ماددىلىرى؛

(2) دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئورگانلىرى مەملىكەت دائىرىسىدە بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان قانۇنلارنى تۈزگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەخسۇس ماددىلارنى ئاجرىتىپ چىقارغان ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر، مەسىلەن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، سايلام قانۇنى، تەشكىلىي قانۇن قاتارلىق ئاساسلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق بەلگىلىمىلەر بار؛

(3) دۆلەتنىڭ قانۇن تەسىس قىلىش ئورگىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى كۆزدە تۇتۇپ مەخسۇس تۈزۈپ چىققان ئاساسلىق قانۇنلار، مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى؛

(4) دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن، مەملىكەت دائىرىسىدە قوللىنىلىدىغان مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، مەخسۇس ماددىلارنى ئاج-

رىتىپ چىقارغان ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر، مەسىلەن، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ «خىزمەت ۋاقتى، دەم ئېلىش ۋاقتى ۋە دەم ئېلىش تۈزۈمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دىكى مىللىي ئادەتكە ياتىدىغان دەم ئېلىش كۈنلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى قاتارلىقلار؛

(5) ئالىي مەمۇرىي ئورگان مەخسۇس تۈزۈپ چىققان مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مەسىلىگە دائىر ئايرىم مەمۇرىي نىزاملار، مەسىلەن، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ئېلان قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىدىكى سۆزلەر، يەر - جاي ناملىرى، خاتىرە تاشلار ۋە تاختىلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق»، «تارقاق ئولتۇراقلاشقان بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» ۋە گوۋۇيۈەن چىقارغان «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىلەر» ۋە باشقىلار.

(6) ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تۈزگەن ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مەسىلىگە دائىر يەرلىك خاراكتېردىكى نىزاملار؛

(7) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قانۇن بويىچە تۈزۈپ چىققان ئاپتونومىيە نىزاملىرى ۋە ئايرىم نىزاملار؛

(8) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قانۇن بويىچە تۈزۈپ چىققان قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر ۋە ئۆزگەرتىلگەن بەلگىلىمىلەر.

يۇقىرىدىكى قائىدە خاراكتېرلىك تۈرلۈك ھۆججەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «مىللىي قانۇن» دېسەك بولىدۇ. بۇ يەردىكى «قانۇن» دېگەن سۆز، ئەلۋەتتە، كەڭ مەنىدە ئېيتىلغان سۆز، «مىللىي قانۇن» دېگىنىمىز — دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مەسىلىلەرنى تەڭشەش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردىكى قانۇن قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. مىللىي قانۇن ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدىكى قانۇن قائىدىلىرىنى، ھەم تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ياكى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، نوپۇسىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويماي، مىللىي يېزا قۇرغان مىللەتلەر توغرىسىدىكى قانۇن قائىدىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇن — ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا دۆلەت ئىرادىسى، ئۇ دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ ياكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن ئىجرا قىلىنىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، قانۇننىڭ بۇنداق ماھىيەتلىك خاراكتېرى ۋە ئاساسىي خۇسۇسىيىتى مىللىي قانۇندىمۇ ھازىرلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي قانۇن يەنە شۇنداق بىر روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگەكى، ئۇ ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەم

ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى بىلەن ئالاھىدە تەلىپىنى ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈردۇ. مىللىي قانۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت، ئۇ، ئومۇمىي قانۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالاھىدە قانۇن كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ.

4

قانۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تەڭشىگۈچىسى. مىللىي مۇناسىۋەت — بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، يەنە كېلىپ مۇھىم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنى ئوبيېكت قىلغان مىللىي قانۇن خۇددى نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشنى ئوبيېكت قىلغان ۋە ئۆز ئالدىغا بىر قانۇن تارمىقى بولۇپ شەكىللەنگەن نىكاھ قانۇنىغا ئوخشاش، مۇستەقىل بىر قانۇن تارمىقى بولۇپ شەكىللىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. لېكىن، ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە تېخى مىللىي قانۇن ئۇقۇمى شەكىللەنگىنى يوق، ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر قانۇن تارمىقى سۈپىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسى ئىچىگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش زادى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەگەر، بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا چوقۇم تەسىر يېتىدۇ.

قانۇن سىستېمىسى بىر دۆلەتتىكى ھەرقايسى قانۇن تارماقلىرىدىن تەركىب تاپقان ۋە يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلار بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى قانۇن تارماقلىرىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن قانۇن گەۋدىسىدىن ئىبارەت. ئەگەر مۇشۇ ماقالىدىكى مىللىي قانۇن توغرىسىدا بايان قىلغان چۈشەنچىلەر پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مىللىي قانۇننى مۇستەقىل بىر قانۇن تارمىقى سۈپىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ئىچىدىن بىر ئورۇنغا ئىگە قىلىشىمىز مۇمكىن ۋە شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغىلى بولىدۇ، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىشقا، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق بىر كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش، مىللىي قانۇن، مىللىي قانۇنچىلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئومۇمىي قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ ۋە نەزەرىيىلەشتۈرۈپ، مۇشۇ ساھەنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان يېڭى بىر ئىلىمنى — مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم.

مىللىي قانۇنشۇناسلىق مىللىي قانۇننى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان بىر تارماق قانۇن ئىلمىدىن ئىبارەت. مىللىي قانۇننىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ھەربىر تارماق قانۇنغىچە سىڭگەن، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تارماق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مىللىي مەسىلىگە دائىر بەلگىلىمىلەر بار، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي قانۇنشۇناسلىقمۇ قانۇنشۇناسلىقنىڭ ھەربىر تارمىقىغىچە بېرىپ چېتىلىدۇ، ئۇ ئۇنىۋېرسال ۋە تورسىمان قۇرۇلما خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل قانۇنشۇناسلىق سىستېمىسىدا مۇستەقىل بىر بايراق بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن مىللىي قانۇنشۇناسلىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ مۇستەقىل بىر تارمىقى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن تۆرلۈك شەكىلدىكى مىللىي قانۇنلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى، تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت، مەسىلەن، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئۇقۇمى، شەكلى، تارىخىي تەرەققىياتى، سىستېمىسى، تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسى، ۋەزىپىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەر قانۇنشۇناسلىقنىڭ بىر قاتار ئاساسىي پرىنسىپلىرى، قانۇنىيىتى، ئۇقۇمى ۋە بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق پرىنسىپلىرىنى تەتبىقلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى قانۇنىي ۋاسىتىلەر بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك يولىنى تېپىپ چىقىپ، جۇڭگوچە مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسى ئالدىغا قويۇلغان ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە، شۇنداقلا دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، شۇڭا ئۇ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزىلەر، ئاپتونومىيە قانۇنشۇناسلىقىنى بەرپا قىلىش كېرەك، دەيدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى ئاتالغۇ ئۇقۇمى مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى قانۇنشۇناسلىق تارمىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى دائىرىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇقۇم جەھەتتىن ئالغاندا، مىللىي قانۇن تەسىس قىلىش ئاپتونومىيە قانۇننى تەسىس قىلىشتىن كەڭ بولىدۇ، مىللىي قانۇن ئاپتونومىيە قانۇنىدىن كەڭ بولىدۇ، مىللىي قانۇنچىلىق ئاپتونومىيە قانۇنچىلىقىدىن كەڭ بولىدۇ. مۇشۇ بويىچە خۇلاسە چىقارغاندا، مىللىي قانۇنشۇناسلىقمۇ ئاپتونومىيە قانۇنشۇناسلىقىدىن كەڭ بولىدۇ، شۇڭا، ئاپتونومىيە قانۇنشۇناسلىقىنى بەرپا قىلىش كېرەك دېگىنىمىزدىن كۆرە، مىللىي قانۇنشۇناسلىقنى بەرپا قىلىش كېرەك دېگىنىمىز ياخشىراق.

(قەيۇم قۇربان تەرجىمىسى)

# پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئالىم سەيپى

سەۋەب بىلەن نەتىجە پەلسەپىدىكى مۇھىم كاتېگورىيەلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ، سەۋەب بولغۇچى ھادىسە بىلەن نەتىجە بولغۇچى ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە ھەرقانداق بىر شەيئى يەنە بىر خىل شەيئىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ھەر قانداق شەيئى مۇقەررەر يېڭى شەيئىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىمۇ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولىدۇ، ئۇ، پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ. بۇ يەردىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى سەۋەب بولغۇچى ھادىسە بىلەن نەتىجە بولغۇچى ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزىدە بىر سەۋەب كۆپ نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، بەزىدە كۆپ سەۋەب بىرلا نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققان دېگەنلىك، پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى شەرتسىز ھالدا جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدۇ، ياكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، ئىككى ئۇقۇم تامامەن ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا خېلى زور پەرق مەۋجۇت. ئەگەر بۇ پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرماي ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك، ياكى، جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىغا نوقۇل ھالدا پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى دەسسەتسەك، ئۇ چاغدا بەزى خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: 1985-يىلى ×× ئوبلاست ×× شەھەرلىك خەلق سوتى ئەمدىلا 16 ياشقا توشقان A نىڭ 20 ياشلىق B ۋە 20 ياشلىق C بىلەن

بىرلىشىپ ئوغرىلىق قىلغان دېلوسىنى سوتلىغان. A نىڭ يېشى ئەڭ كىچىك بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ شۇ رايوندا داڭقى چىققان ئۈچ ئاكىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ رايوننى سوراپ يۈرگەن. بىرنەچچە قېتىملىق ئوغرىلىق قىلمىشتا، ئومۇمەن A ئالدى بىلەن تەكلىپ قويغان. B بىلەن C ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئوغرىلىق قىلغان. ئەمما ئوغرىلىق قىلىش جەريانىدا A تېخى كىچىك، ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن يا قۇلۇپ چاقالمىغان، يا مال-مۈلۈكنى كۆتۈرەلمىگەن. پەقەتلا بىرلىكتە بېرىپ كېلىشكەن. ھەممىسىنى B بىلەن C قىلغان. بۇ دېلونى سوتلاشتا، B نىڭ ئاقلىغۇچىسى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت قائىدىلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ: «ھەر قانداق شەيئى مەلۇم شەيئى تەرىپىدىن كەلتۈرۈلۈپ چىقىرىلىدۇ، ئەگەر A ئوغرىلىق قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا B نىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتى كېلىپ چىقمىغان بولاتتى ۋە مۇشۇنداق جىنايەت سادىر بولمىغان بولاتتى. شۇڭا بۇ دېلودا پەقەت A نى قاتتىق جازالاش كېرەك-دەپ، A نىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپىنى ئوغرىلىق جىنايىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب قىلغان. پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، بۇنى خاتا دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، لېكىن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە، بۇنداق دەپ ئاقلاش خاتا. مۇشۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئابستراكت شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم ئاقىۋەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولسا كونكرېت جىنايى ھەرىكەت بىلەن كونكرېت جىنايى ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا ھەرىكەتنىڭ قانۇنى ئاقىۋىتىگە بولغان جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى.

جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمى-جىنايەت ۋە جىنايى جازانى تەدقىق قىلىدىغان پەن. شۇڭا جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىگە كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ ئالدىنقى شەرتتىن ئايرىلغاندا، شۇ مەزمۇنلارنى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىگە كىرگۈزۈپ تەدقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئۇنى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىنىڭ مەزمۇنى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىمۇ يوقىرىقىلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ، جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، جىنايى ھەرىكەت بىلەن جىنايى ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولىدۇ، شۇنداقلا، جىنايەتنىڭ

شەكىللىنىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن: بۇ يەردىكى سەۋەب بولغۇچى ھەرىكەت چوقۇم جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايى ھەرىكەت بولۇشى شەرت. ئەگەر زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەب جىنايەتچىنىڭ جىنايى ھەرىكىتى بولماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئوي-پىكرى بولسا ياكى ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدىن باشقا ھەرىكەتلەر، جۈملىدىن ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى بولسا، ئۇ ھالدا جىنايى ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ؛ جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. ئەگەر مەلۇم ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ھەرىكەت ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بولۇپ، جىنايى ھەرىكەت بولماي ئەسلىدە جەمئىيەتكە پايدىلىق ھەرىكەت بولسا، ئاخىرقى نەتىجىدە تاسادىپىي زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، يەنىلا جىنايى ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن: جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبى چوقۇم جىنايى ھەرىكەت بولۇشتىن سىرت، ئۇنىڭ نەتىجىسى چوقۇم جىنايى ئاقىۋەت بولۇشى شەرت. ئەگەر ھەرىكەتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتى جەمئىيەتكە زىيانلىق ئاقىۋەت بولماي، مەلۇم پايدىلىقى بولغان ئاقىۋەت بولسا، ئۇ جىنايى ئاقىۋەت ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسى بولالمايدۇ.

جىنايى جاۋابكارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىش جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تۈپ بەلگىسى. مۇشۇ تۈپ ئالاھىدىلىك تۈپەيلى، يەنە باشقا پەرقلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن:

پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە ھەرقانداق يېڭى ھادىسە كونا ھادىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇ كونا ھادىسىمۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى يەنە بىر كونا ھادىسە تەرىپىدىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولىدۇ. مەلۇم بىر ھادىسە ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھادىسىگە نىسبەتەن نەتىجە بولسا، يەنە بىر يېڭى ھادىسە ئۈچۈن سەۋەب بولىدۇ. پەلسەپە مۇشۇ سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى جىنايى جاۋابكارلىقنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت زەنجىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرلا ھالقا، جۈملىدىن جىنايى ھەرىكەت بىلەن جىنايى ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى سۇغۇرۇپ چىقىپ تەتقىق قىلىدۇ. «سەۋەب بىلەن نەتىجىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش، پە-

قەت ئايرىم سورۇنلاردا ئىشلىتىلگەندىلا ئاندىن ئەسلىدىكى ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ: لېكىن بىز بۇ ئايرىم سورۇنلارنى، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنيا بىلەن بولغان ئومۇمىي ئالاقىسىغا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرگەندە، بۇ ئىككى كۆز قاراشنىڭ بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىش كۆز قارىشىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ خىلدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا، سەۋەب بىلەن نەتىجە داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى مۇشۇ يەردە ياكى مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە نەتىجە بولغۇچىسى ئاۋۇ يەردە ياكى ئاشۇ ۋاقىت ئىچىدە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن بولىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز»① بىز پەقەت زەنجىرسىمان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ بىر ھالقىسىنى سۇغۇرۇپ چىققاندىلا، ئاندىن سەۋەب بىلەن نەتىجىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز ۋە ئۇنى پەرق ئېتەلەيمىز.

بۇنىڭ ئىچىدە زادى قايسى ھالقىنى سۇغۇرۇپ چىقىش كېرەك؟ مانا بۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتىمىزگە باغلىق. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ھەرىكەت بىلەن ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى سۇغۇرۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش دائىرىسى كېڭىيىپ كېتىدۇ، ياكى ئەسلىدە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا تېگىشلىك بولغانلار جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلماي قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ماقالىنىڭ دەسلەپىدە ئېيتىلغان دېلو مىسالىدىكى ھەرىكەت يۈرگۈزمەي پەقەت بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان بالىنىڭ گېپى پۈتۈن جىنايەتنىڭ سەۋەبى بولۇپ، ئاساسىي جىنايەتچى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئېغىر جازاغا تارتىلىشى، ئەكسىچە، ئەسلىدە ھەقىقىي ھەرىكەت يۈرگۈزگەن جىنايەتچى، جازاغا تارتىلماسلىقى ياكى يېنىك جازالىنىشى مۇمكىن. شۇڭا جىنايى جاۋابكارلىقنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم جىنايى ھەرىكەت بىلەن جىنايى ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى زەنجىرسىمان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئابستراكت شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجىلىك باغلىنىشنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سەۋەب-نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئىچكى ئامىلنى تەكىتلەيدۇ، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىچكى ئامىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ، ئاساسىي سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمى جىنايى جاۋابكارلىق مەسىلىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تەتقىق قىلىنىدىغان سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت پەقەت جىنايى ھەرىكەت بىلەن جىنايى ئاقىۋەت ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋەت بولۇپ، پەقەت

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 3-توم خەنزۇچە نەشرى 62-بەت.

جىنايى ھەرىكەت سەۋەب، جىنايى ئاقىۋەت نەتىجە بولىدىغانلىقىنىلا تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەلسەپىدىكى سەۋەب بەزىدە جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدە شەرت-شارائىت، پەلسەپىدىكى شەرت-شارائىت جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: A بىلەن B ئاپتوبۇستا سۆز تالىشىپ قېلىپ A مۇش بىلەن B نىڭ مەيدىسىگە بىرنى ئۇردى، B نەق مەيداندىلا يىقىلىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. قانۇن دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، B ئەسلىدە ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بىر مۇش ئۇرغان بىلەن B نىڭ يۈرىكى قاتتىق سىلكىنىپ يۈرەك كېسىلى جىددىي قوزغىلىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەن. پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا، B نىڭ ئۆلۈشىدىكى سەۋەبى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئۇنىڭ ئىچكى سەۋەبى ياكى ئاساسى سەۋەب (B نىڭ ئىلگىرى ئېغىر يۈرەك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدا) يەنە بىرى، A نىڭ بىر مۇش ئۇرغىنى (تاشقى سەۋەب ياكى غەيرى ئاساسى سەۋەب) ياكى شەرت-شارائىت (پەلسەپىدە ئاساسلىق بولمىغان سەۋەبنى شەرت-شارائىت دەپمۇ ئاتايدۇ) جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە A نىڭ بىر مۇش ئۇرغىنى سەۋەب دەپ قاراپ، B نىڭ ئېغىر يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى ئالاھىدە شەرت-شارائىتقا ئىگە ئوبيېكتىپ ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى جىنايى جاۋابكارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزگەن ئاقىۋەتنى نەتىجە، شۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ھەرىكەتنى سەۋەب دەپ چۈشىنىدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇنىمىز مەيلى ساق ئادەم بولسۇن ياكى مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى بولسۇن ھەممىسىنىڭ جىسمانى ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ جىسمانى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلغان ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ھەرىكەتلەر چوقۇم زىيانلىق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەب بولىدۇ. بۇ دېلودىكى B ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتەك ئالاھىدە شەرت-شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ، A تەرەپتىن دەخلى-تەرۇز قىلىنمىغان بولسا، ئۇنىڭ كېسىلى قوزغالمايتتى، B نىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە شەرت-شارائىتقا ئىگە جىسمانى ھوقۇقى A نىڭ جىنايى ھەرىكىتى تەرىپىدىن دەخلى-تەرۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرىدا B نىڭ ئۆلۈشىدىن ئىبارەت زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى، شۇڭا A نىڭ ھەرىكىتى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى سەۋەب بولىدۇ.

پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ھەر قانداق ھادىسە، جۈملىدىن، مەيلى تەبىئەت ھادىسىسى بولسۇن ياكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بولسۇن، مەيلى ئاڭلىق ھەرىكەت بولسۇن ياكى ئاڭسىز ھەرىكەت بولسۇن، مەيلى ياخشى نىيەتتە بول-

غان ھەرىكەت بولسۇن، مەيلى يامان نىيەتتە بولغان ھەرىكەت بولسۇن، ھەممىسى سەۋەب بولالايدۇ. جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بولسا جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتە قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت جىنايى ھەرىكەت يەنە سۇبيېكتىپ تەرەپتە جىنايى گۇناھكارلىققا ئىگە كىشىنىڭ ئۆز جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىيىتى بويىچە يۈرگۈزگەن جىنايى ھەرىكىتىلا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر جىنايەتچىنىڭ ئىرادىسى بويىچە سادىر قىلىنغان جىنايى ھەرىكەت بولماي، كۆتۈلمىگەن ۋەقە ياكى ھەرىكەت يۈرگۈزگۈچىنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قارشىلىق بىلدۈرۈشكە بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن ھەرىكەت بولسا ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم ھارۋىكەش ھارۋا ھەيدەپ كېتىپ بارغان بولسۇن، تۇيۇقسىز يولنىڭ چېتىدىكى تامنىڭ ئىچىدىن بىر توپ ئۇچۇپ چىقىپ ئاتنى ئۈركۈتۈۋەتتى. ئۈركىگەن ئات ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. ھارۋىكەشنىڭ ھارۋا ھەيدەپ چىققان ھەرىكىتى بىلەن ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولسىمۇ، لېكىن ھارۋىكەشتە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بولمىغانلىقى، ھارۋىكەش بۇنداق ئاقىۋەتنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشى مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرىكىتى جىنايى ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. گەرچە، بۇ يەردە ھارۋىكەشنىڭ ھەرىكىتى پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ئەمەس. ئەگەر ئۇ جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولىدىكەن، چوقۇم جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەلسەپىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلسىمۇ، ئەمما جىنايى ئىشلار قانۇن ئىلمىدىكى سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنىلا خېلى زور پەرق بار. بۇ پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئەدلىيە خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

# شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر

ئىسمائىل نىياز

بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئادەتتە ستراتېگىيىلىك يېتەكچى ئىدىيە، ستراتېگىيىلىك نىشان، ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا، ستراتېگىيىلىك قەدەم باسقۇچ، ستراتېگىيىلىك تەدبىر قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن بولىدۇ. ستراتېگىيىلىك نىشان بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى توغرا تاللاش ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى توغرا تاللاش توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## (1)

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تاللاشتا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئالدى بىلەن ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىسىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەجرىبىلەرنى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يولىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، چەت ئەلنىڭ تەجرىبىسىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ بولمايدۇ، ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىنى ئېچىش نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. مەيلى ئىنقىلاب قىلىشتا بولسۇن، ياكى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا بولسۇن، چەت ئەلنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. لېكىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەجر-

دىبلىرىنى ۋە ئەندىزىلىرىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش بىلەن ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساۋاقلىرىمىز ئاز ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش - ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يە-كۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز ئەنە شۇ»①

شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى نېمە؟ مېنىڭچە بۇنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچى زور، ئۇ بىزنىڭ ئېچىشىمىزغا مۇھتاج. ئۈچىنچىدىن، قاتناش ترانسپورت قولايسىز، تاۋار ئىگىلىكى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. تۆتىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، ئاساسىي بولسا ئاجىز. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەشتە مۇشۇ كونكرېت ئەھۋالنى ۋە ئالاھىدىلىك-نى چىقىش قىلىش، شىنجاڭنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە تېخنىكا ئىقتىسادىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، مۇشۇ ئاساستا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە مۇھىم نۇقتىلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئامىللارنى بەلگىلەش لازىم. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تاللىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز-نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتى-سى توغرىسىدا كۆپلىگەن تەكلىپ ۋە لايىھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلارنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: (1) ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش، يەنى ئەقىل بۇلى-قىنى ئېچىشنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى قىلىشنى تەكىتلەش. (2) بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، يەنى كۆمۈر، نېفىت ۋە ئالتۇن قاتارلىق-لارنى ئېچىش بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش. (3) ئېنېرگىيە سانائىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ۋە بېلىق-چىلىق كەسپىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، قاتناش - ترانسپورت ۋە ئوبوروتنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى قى-لىشنى تەكىتلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىگىلىكتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا، شۇنىڭدەك ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا قارىتا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان قىسمەنلىكنى ياكى كەسىپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز شىن-جاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى تەتقىق قىلغاندا،

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 4 - بەت.

قايسى كەسىپلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك ئىقتىسادىغا يەنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قارىتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شەرت-شارائىتى، ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتى ۋە مالىيە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېنېرگىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى بولۇشى كېرەك.

(2)

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئېنېرگىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىشى ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتقان ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىدىن بەلگىلەنگەن.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭمۇ ئاساسى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى ۋە ستراتېگىيىلىك نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى بىۋاسىتە ھالدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا باغلىق بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىق ناھايىتى زور دەرىجىدە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا زور راۋاجلىنىشنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىشىنى، ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ۋە يېرىم تەمىن-

لەيدىغان يېزا ئەگىلىكىنىڭ تاۋار خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە جايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن پاختا، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە-چېۋە، قىزىلچا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى پاختا بازىسى، شېكەر ماتېرىياللىرى بازىسى، ئۈزۈم بازىسى ۋە مېۋە-چېۋە بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئاساسىي كۈچنى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۆستۈرۈشكە قويۇش بىلەن بىرگە سۇ، تۇپراقنىڭ تەكپۈكلىقىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بەشىنچىدىن، چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. چارۋا ماللار بىلەن يايلاقنى قوش كۆتىرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتىنى، تاۋار نىسبىتىنى ۋە گۆش-يۇڭ مىقدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ياخشى چارۋىچىلىق بازىلىرىدىن بىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئېنېرگىيە مەنبەسى ئەڭ مول رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىدە كۆمۈر، نېفىت ئاساسىي ئەۋزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۆمۈر، نېفىت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تېز راۋاجلاندۇرغاندىلا ئاندىن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر بايلىقى ناھايىتى مول، ئالدىن تەكشۈرۈلگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، كۆمۈر زاپىسى 16 تىرىليون 400 مىليارد توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىن تەكشۈرۈلگەن كۆمۈر زاپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭ كەلگۈسىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ زور كۆمۈر بازىسى بولۇپ قالىدۇ. نېفىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا نېفىتنىڭ زاپاس مىقدارىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. دەسلەپكى قەدىرىپ تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، جوڭغارىيە، تارىم، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ ئويمانلىقتا نېفىت زاپىسى جايلاشقان يەرنىڭ كۆلىمى 200 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، شۇڭا، شىنجاڭنى ئېيتىشتا نېفىتنىڭ رولىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بايلىقى ناھايىتى مول بولۇپ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت ھازىرلانغان. يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە يېمەكلىكلەر سانائىتى مەبلەغ ئاز كېتىش، ئۈنۈمى تېز بولۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا

ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، ئۇنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇپ، زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرغىلى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ۋە ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ جۇغلاپ بەرگىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە بۇ كارخانىلاردا ھاياتىي كۈچ كام بولۇش، مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى تەۋرەنمەستىن بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىلغار تېخنىكىنى كەڭ تۈردە قوللىنىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن دۆلەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ جۇغلاپ بېرىش لازىم. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى ئېچىپ، داڭدار، ئەلا سۈپەتلىك، خېرىدارلىق مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش بىلەن بىللە تاشقى پېرېۋوتنى كۆپەيتىش لازىم.

شىنجاڭدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى بايلىقمۇ مول، تۈرىمۇ كۆپ بولۇپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەۋزەل شەرت-شارائىتقا ئىگە. شۇڭا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. شىنجاڭدا سېمونت ھاك تېشى، تاش پاختا، ئاق سېلىيودا، پېزوكۋارتىس، ئەينەك كۋارتسى قاتارلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى ناھايىتى مول، ئاق سېلىيودانىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قالغانلىرىنىڭ زاپاس مىقدارىمۇ پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي زاپاس مىقدارىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ تەبىئىي بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلانغاندا، سېمونت، ئەينەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى شەكىللەنگەن ۋە بۇ جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن خېلىلا يىراق. ئۇ، يەنىلا خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاجىز بىر ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى بىناكارلىق قۇرۇلۇش سا-

نائىتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنى تايانچى كەسىپ سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھازىر بار بولغان كارخانىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش بىلەن رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قىسقىسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئويغۇن كېلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىش لازىم.

(3)

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئىزچىل، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ستراتېگىيىلىك نىشان ۋە ستراتېگىيىلىك نۇقتىلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ساھەلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

بىرىنچى، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. قاتناش-ترانسپورت — خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنى ئالدىنقى شەرت قاتارىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شەرت-شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا زور تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە ياسالغان ئومۇمىي تۆمۈر يول لىنىيىسى 1470 كم بولۇپ، بۇ، ھەر ئونمىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەرگە سەككىز پۈتۈن ئوندىن بىر كم دىن توغرا كېلىدۇ. 1984 - يىلىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول-ترانسپورتىدا ماشىنا قاتناش مۇساپىسى 22 مىڭ 213 كم بولۇپ، بۇ، ھەر ئونمىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 127 كم دىن توغرا كېلىدۇ. لېكىن، شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش يوللىرى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك شارائىتى مۇرەككەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنىلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان ھەم چەكلەش رولىنى ئويناۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدا زور بىر تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە، تاشيول-ترانسپورت ئىشلىرىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىزمەت-

كە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىرىنچى، قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىدىكى ماس كەلمەسلىك مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىشنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە كۆتۈرۈپ تونۇپ، كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلاردىن ئۈزۈل-كېسىل خالىي بولۇپ، ئۇنى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ تۇتۇش لازىم. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھازىر بار بولغان غول لىنىيىلىك تاشيوللارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە لەنجو-شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم. ئۈچىنچى، تۆمۈريول قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، لەنجو-شىنجاڭ تۆمۈريولىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، توشۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ھاۋا قاتناش يوللىرىنى داۋاملىق ئېچىپ، ئايروپىلانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، توشۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاۋىئاتسىيە ئىشلىرىنى جانلاندۇرۇش لازىم. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت قۇرۇلۇشى ۋە نېفىت تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلمىسى ماسلاشقان ئۇنىۋېرسال ترانسپورت تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇش ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان باسقۇچى، شۇنداقلا خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرغىلى، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي تەلەپلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە، شىنجاڭ مەھسۇلات ئىگىلىكىدىن تاۋار ئىگىلىكىگە تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. مەھسۇلات ئىگىلىكىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ. تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاۋار ئىگىلىكى نۇقتىئىي نەزەرىنى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىپ، تاۋار مۇئامىلىسىنى راۋانلاشدۇرۇش لازىم.

ئۈچىنچى، سۇ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى سۇ بىلەن قامداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. شىنجاڭ يامغۇر ئاز ياغىدىغان قۇرغاق رايون بولغاچقا، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خۇددى جاۋزىياڭ زوڭلى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «شىنجاڭنى قانچىلىك دەرىجىدە ئېچىش،

قانچىلىك باياشاق يارىتىشتا بىرىنچى ھەل قىلغۇچ ئامىل ـ سۇ ئىنشائاتى»، «سۇ ـ جان تومۇر» چۈنكى، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى سانائەت ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ سۇ بولۇش كېرەك. ئەگەر شىنجاڭدا سۇ قۇرۇلۇشى بولمىسا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى بولمايدۇ، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا باشقا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ياخشى ئىشلەش لازىم. شىنجاڭدا سۇ مەنبەسى مول. دەسلەپكى ئىگىلەنگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سۇ مەنبەسى 121 مىليارد 300 مىليون كۇبمېتىردىن كۆپرەك بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك دەريادىن 570 تىن ئارتۇقى بار. ھازىر پايدىلىنىۋاتقان سۇ مىقدارى بىر مىليارد 400 مىليون كۇبمېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدار 90 مىليارد 900 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، ھازىر پايدىلىنىۋاتقىنى بۇنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 26 مىليارد 400 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، ھازىر پايدىلىنىۋاتقىنى بىر مىليارد كۇبمېتىر ئەتراپىدا. شىنجاڭدا يەنە كۆپ ساندىكى مۇزلۇقلار ۋە دائىم قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغلار بار، ئېگىز تاغلاردىكى مۇزلۇقلار كۆلىمى 23 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان سۇ مىقدارى 400 مىليارد كۇبمېتىر، سۇ كۈچى بايلىقىنىڭ زاپاس مىقدارى 32 مىليون 900 مىڭ ك ۋ. بۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇ مەنبەسى جەھەتتە زور يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە سۇدىن پايدىلىنىشتىكى ئاساسىي مەسىلە پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن، سۇ ئىسراپچىلىقى ئېغىر بولۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش بىلەن سۇنى تېجەشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، تېجەشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تۆتىنچى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئىقتىسادىي ئۈنۈم نىسبەتەن تۆۋەن. بۇ ھال مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق ۋە پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ، پەن ـ تېخنىكىنى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە ئىختىساس ئىگىلىرى مەسىلىسى شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدە تېخىمۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

نۆۋەتتە ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى مەسىلە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغانلىقىدىن ئىبارەت. ھازىر شىنجاڭدا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 72 نەپەردىن توغرا كېلـ

دۇ، بۇ، پۈتۈن مەملىكەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە تۆتى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسا، شىنجاڭدا بەشتىن توغرا كېلىدۇ. نىسبىي سان جەھەتتىن قارىغاندا بۇمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ ئاساسەن، ئىقتىساسلىق خادىملارنىڭ رايون قورۇلمىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، تېخنىكا قاتلىمى قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرى يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھازىر بار بولغان پەن-تېخنىكا تەتقىقات خادىملىرىغا قارىتا سىياسى ۋە تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتلەردە ئېتىبار بەرگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىشقا، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ شىنجاڭنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم كادىرلار ۋە ئىقتىساس ئىگىلىرى بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھازىر بار بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم؛ ئىختىساس ئىگىلىرىنى داۋاملىق كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزىدىكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش كېرەك. مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ ۋە ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرۈپ چىقىش لازىم.

---

## ئەلشىر ناۋايىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

△ قولۇڭدىن كەلسە قىلار ئىشىڭنى بىر مىنۇت ھەم كېچىكتۈرمە،

△ ئۆز بىلگىنىڭگىلا ئىشىنىپ كەتكۈچى بولما،
ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئۆگىنىشكە تىرىش.

△ ئەقلى بولمىغان ئېردىن، ئەقىللىق بالا ياخشى.

△ ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كىشى - دۈشمەنلىك ئۇچىقىدۇر.
ھەممەتىسىز كىشى پەستۇر، كىشىنىڭ ھىممىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ بولمايدۇ.

△ دوستلار قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئەگەر مەرتىۋەڭ كۆككە قەدەر بولسىمۇ، دوستلىرىڭ بولمىسا، ئۇ مەرتىۋەڭنىڭ نېمە پايدىسى بار.

بارلىق شىرىنلىقلارنى تېتىدىم، لېكىن ساغلىقتىن ئۆتكۈر شەرۋەت تاپالمىدىم.

# ئەلشىر ناۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن

### 1 - ناۋائىي ھايات — پائالىيىتىنىڭ قىسقا بايانى

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، چاغاتاي بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، جاھان سەنئەت تارىخىدىكى تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ مىسلىسىز ماھارەت نامايەندىسى ئەلشىر ناۋائىي 1441 - يىلى 9 - فېۋرالدا تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ 2 - سۇلتانى شاھرۇخ مىرزىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھىرىدە زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بىرى بولغان غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ (1500 — 1551) 1541 — 1546 - يىللىرى يازغان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - تومىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەسلى بەيئەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست، پەدەرى ئۇرا كىچىككىنە بەخشى مېگۇفتەند، مەردى بۇد ئەلئەر رەسىم» (ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى).

رۇشەنكى، ئەلشىر ناۋائىي چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1221 - يىلى پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىنىپ، ئۇغادايخان ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرىدە بولۇپمۇ شاھرۇخ مىرزا زامانىدا تېز راۋاجلانغان يېڭى ھىرات شەھىرىگە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر خەتتات — باخشى زىيالىيلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. قايتا گۈللەنگەن ھىرات تېز ئارىدا ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك خەلقئارا شەھەرگە ئايلاندى. شىمالىي تەرىپى «ئىنجىل» جەنۇبىي تەرىپى «فىرۇز ئاباد»، شەرقىي «خۇش»، غەربىي «ئەنسارى» دەرۋازىلىرى بىلەن قاپلانغان ھىرات شەھىرىدە 12 مەدرىسە ۋە مەخسۇس قوش گۈمبەزلىك كۇتۇبخانىلار ۋۇجۇدقا كەلدى.

ناۋائىينىڭ دادىسى غىياسىددىن كىچىك تۆمۈرىلەر سارىيىغا يېقىن خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. 1447 - يىلى شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ تەخت ماجىرالىرى كۆچەيگەندە، ناۋائىي ئائىلىسى ئىراقنىڭ تەفت شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى، بۇ يەردە ناۋائىي 7 — 12 ياشقىچە تۇردى. بۇ يەردە ياش ئەلشىر ناۋائىي مەشھۇر تارىخچى، «زەفەرنامە» نىڭ مۇئەللىپى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۆھبەتلىرىگە نائىل بولدى. خوراسان تىنچ-

غاندىن كېيىن، 1452 - يىلى ناۋايى ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ناۋايىنىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىك ئەبۇل قاسىم بابىر (1452 — 1457) سارىيىدا خىزمەتكە كىرىپ، سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ ئەسنادا ئەلشىر ناۋايى ھىراتتا ئوتتۇرا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ناۋايى كۆرۈنگەن مۇزىكىچى سۈپىتىدە خوجا يۈسۈپ بۇرھاندىن رەسمى مۇزىكىچىلىق تەلىمى ئېلىشقا باشلىدى.

ئەلشىر ناۋايى ھىراتتا شائىر تاغىسى مىرسەئىد كابۇلى مۇھەممەد ئەلى غەرىبى تەسىرىدە مەشرەپلەر، مۇشائىرە ئەنجۇمەنلىرىگە قاتنىشىپ، زور ئىلھاملار ئالدى، ئۇ 10 — 12 ياشلىرىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدى. ئۇ ھىراتتىكى ئەينى زامانىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتپى بىلەن تونۇشتى، لۇتپى ناۋايىنىڭ ئوقىغان شېئىرلىرىدىكى ئاجايىپ پىكىر، ئوخشۇتۇش ۋە ماھارەتلىرىگە ھەيران قالغان ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەنىدى.

ئەلشىر ناۋايى دادىسىدىن يېتىم قېلىپ، 15 ياشقا توشقاندىن كېيىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى خوراساننىڭ كەلگۈسى سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەبۇلقاسىم بابىر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. ئەبۇلقاسىم بابىر 1456 - يىلى مەشھەت شەھىرىگە يۆتكەلگەندە بۇ ئىككى ياشنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار مەشھەتتە بىللە ئوقىدى، 1457 - يىلى ئەبۇلقاسىم بابىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۈسەيىن بايقارا تەخت مىراسخورى سۈپىتىدە مەرۋىگە بېرىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنى باشلىدى. ئەلشىر ناۋايى مەشھەتتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەلشىر ناۋايى مەشھەتتە تۆت يىل تۇردى. ئۇ لوگىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئاساس ئىلىم سۈپىتىدە داۋاملىق ئۆگىنىشتىن تاشقىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى داستانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن ئەخمەد يۈكنەكى، شەيخزادە ئاتايى، لۇتپى، سەككاكىنىڭ ئۆز تىلىدا يارانقان ئاجايىپ ماھارەتلىك شېئىر - داستانلىرىدىن تەسىر ئالدى. ناۋايى مەشھەتتە سەئىد ھەسەن ئەردەشىر ۋە كامال تۇر پەتى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ تونۇشقانىدى.

مەشھەتتە ئەلشىر ناۋايى دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك ۋەقەنىڭ بىرى ئۇنىڭ مەشھۇر تاجىك شائىرى رۇداكىدىن باشلانغان كلاسسىك تاجىك — پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) بىلەن تونۇشقانلىقى بولدى. ناۋايىنىڭ «زۇللىسان» دەپ ئاتالغان تۈركىي ۋە پارس ئىككى تىلدا شېئىر يېزىش ماھارىتى ئۇنىڭ جامى بىلەن تونۇشۇشىغا سەۋەب بولدى. سەددىدىن مۇھەممەد قەشقەرىنىڭ كۈيئوغلى ۋە نەقشىۋەندىچىلىكىنىڭ سادىق مۇرىدى بولغان جامى 18 — 19 ياشلىق ئۇيغۇر شائىرى ئەلشىر ناۋايىنىڭ بىلىمى ۋە ئىستېداتىغا زور ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلدى ۋە ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئۇ-

سۇپ - يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

تەخت تالىشىشلىرى نەتىجىسىدە زالىم ئەبۇ سەئىد سۇلتان (1451 — 1469) ھىرات تەختىگە چىقىپ، ۋەزىيەت تىنچلاندى. ناۋايى 1459 - يىلى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ئەمما، ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ يېقىنلىرىغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قارايدىغان ئەبۇ سەئىد، ناۋايىنى سەمەر قەنتكە سۈرگۈن قىلدى.

ئەلىشىر ناۋايى 1459 - يىلدىن 1469 - يىلغىچە 9 — 10 يىل سەمەر قەنتتە ياشىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان سەمەر قەنتتىكى ھايات ياشلىق قۇرامىغا تولغان ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي يۆنىلىشلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ناۋايى سەمەر قەنتتە كۆپلىگەن ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بىلەن تونۇشتى، بولۇپمۇ «ۋاپائى» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەد خوجابېك سۇلتان مالىك قەشقەرى سەمەر قەنتنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇ ناۋايىغا ھامىيلىق قىلدى. مەشھۇر ئالىم، مۇدەررىس فەيزۇللا ئەبۇللەيس ناۋايىنى ئۆز پەرزەندى قاتارى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. ناۋايى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مىرزا خوجا سوغدى، سەئىد قۇتىب سەمەرقەندى. شەيخ سۇ خەيلى، يۈسۈپ سافائى، ئابدۇررازاق سەمەر قەندى، دۆلەتشاھ سەمەر قەندى، مۇھەممەد ئالىم سەمەر قەندى قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ئىجابى تەسىرىدە ئۆستى.

ئەبۇ سەئىد سۇلتان غەربىي ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا خوراسانغا سۇلتان بولۇپ، ھىراتتا تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1469 - يىلى ناۋايى ھىراتقا قايتتى.

ناۋايى ھىراتتا ھۈسەيىن بايقارا باشچىلىقىدىكى مەركەزلەشكەن ۋە تەرەققىپەرۋەر ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا كۈچەپ ئىشلىدى. ئۇ 1472 - يىلى 31 يېشىدا ئەمىر (ۋەزىر)لىككە بەلگىلەندى. ئوردا پىتنىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇ، 1476 - يىلى ۋەزىرلىكتىن ئىستىپا بەرگەندى، ھەر نەرسىنىڭ كۈشەندىسى بولغانىدەك، ئەلىشىر ناۋايىغا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن لەنىتى مەجدىدىن قاتارلىقلار كۈشەندىلىك قىلاتتى. ساراي زىددىيەتلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئەلىشىر ناۋايىنى 1487 - يىلى ئاستراباتقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ناۋايىنىڭ ئىنىسى، بەلىخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى، ناۋايىنىڭ كۈشەندىسى مەجدىدىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا دەرھاللا مەجدىدىننى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇندىن كېيىنلا ئەلىشىر ناۋايى ھىراتقا قايتىپ كېلىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىدى.

ئەلىشىر ناۋايى ياشانغاندا كېسەلچان بولۇپ قالدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا قارشى ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن مىرزا ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئىسيانىنى باستۇرۇپ ھىراتقا قايتقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئارىسىدا

كېسەلچان ئەلشىر ناۋايىمۇ بار ئىدى. ئەلشىر ناۋايى 1501 - يىلى 3 - يانۋار كۈنى — سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى كۈتۈۋېلىشقا چىققان جايدا يىقىلىپ ئۆيىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر — شائىر ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئۇلۇغ نوپۇزى ئالدىدا ئوردىغا كىرمەي ئۇنىڭ جەسەدى يېنىدا تۇرۇپ، ھىراتتا زور جامائەت ماتەم مەرسىيىسى ئۇيۇشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەلشىر ناۋايىغا بېغىشلانغان «رىسالە» سىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلشىر ناۋايى 60 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 15 توم ھەجىمدە غايەت زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۇيغۇر — تۈركىي يازما ئەدەبىياتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يېڭى بىر مۇنەۋۋەر ئېگىزلىك يارىتىپ، جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

ناۋايى 200 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق نەزمى ئەسەر ياراتقانلىقى مەلۇم. ناۋايى لىرىكىسى «خازائىنۇل مائانى» (مەنىلەر غەزىنىسى) ياكى «چاھار دىۋان» دەپ ئاتالغان تۆت كىتاب بولۇپ، ئۇلار 3132 پارچە غەزەل (شېئىر)، 44900 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ «فانى» (ئۆتكۈنچى) تەخەللۇسىدا يازغان پارسچە شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «دىۋان فانى» توپلىمىغا 12 مىڭدىن ئارتۇق مىسرا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. ناۋايى «نەزمۇل جەۋاھىر» ۋە ھەر خىل قەسىدىلەردىن تەركىب تاپقان بىر قاتار شېئىرىي ئەسەرلەر يازغان.

ناۋايى خەمسىچىلىكتە نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىدىن ھالقىپ، 1483 — 1485 - يىللىرى مەشھۇر «خەمسە ناۋايى» — شېئىرى رومانلار تۈركۈمىنى يېزىپ تاماملىدى. بۇ داستانلار «ھەيرا تۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىنىڭ ھەيرەتلىرى. 1976 مىسرا)، «پەرھاد ۋە شىرىن»، (11564 مىسرا) «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبى سەييار» (يەتتە يۇلتۇز) «سەددى ئىسكەندەر» (14430 مىسرا) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلشىر ناۋايى بىر قانچە تۈمەن مىسرالىق بۇ شېئىرىي رومانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆز دەۋرىگە خاس پەلسەپە - ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي قاراشلىرىنى، شەرق - غەرب مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلىدى. ئەلشىر ناۋايى فەرىدىددىن ئەتتار (؟ - 1229) نىڭ «مەنتىقۇتتەير» (قۇش نۇتۇقى ناملىق تەسەۋۋۇپلۇق ئەسىرىدىن پەرقلىق بولغان) «لىسسا نۇتتەير» (قۇش تىلى) ناملىق پانتېزملىق پەلسەپىۋىي داستان يازغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا 1500 - يىلى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسەر يېزىپ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغان.

ئەلشىر ناۋايى «ماجالىسۇن نافائىس»، «مىزانۇلئەۋزان» (شېئىرىيەتتە ۋەزىن ئۆلچەملىرى)، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق سەنئەتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەر يازغان. ئۇ يەنە «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلەر يازغان.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ باي ئىلمىي ۋە بەدىئىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆز ئالدىغا خاس «ناۋايىشۇناسلىق» ساھەسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ئىلمىي ساھە يالغۇز ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تېكستولوگىيىسى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى بەدىئىي مەزمۇنى ۋە شەكلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، پەلسەپە — ئىدىيە تەتقىقاتى جەھەتتىن ناۋايى مىراسلىرىغا يېقىنلىشىش ناۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق بىر مەزمۇنى بولۇشى لازىملىقى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە.

## 2 . ناۋايى پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرى

ئەلشىر ناۋايى پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرى ئۆز ئالدىغا خاس تەتقىقات خاراكتېرلىق چوڭ بىر تېما. ناۋايى دۇنيا قارىشىنىڭ مەنبەلىرى توغرىسىدا ئاكادېمىك ئىبراھىم مۆمىنوۋ، ۋاھىد زاھىدوۋ، مۇزەپپەر مۇھىددىن خەيرۇللايوۋ قاتارلىق ئالىملار ئىلمىي ماقالىلار يېزىشتى. شۇنى روشەنلەشتۈرۈش ھاجەتكى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات تېخى باشلانغۇچ باسقۇچتىن ئۇزاقلاشقىنى يوق.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى ئۇنىڭ لىرىكىلىرى، داستانلىرى، ئەسەرلىرىدە تۇرلۇك بەدىئىي ژانىرلار بويىچە ئىپادىلىنىپ، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ مۇتەپەككۇرانە سۈپەتلىرى ۋە ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى ئۇ ياشىغان دەۋر تەرەققىياتى، ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى، ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئىۋولىيۇتسىيىلىك ھالەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا تەسىر قىلغان مەنبەلەر كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، ھەم يىراق تارىخىي ھەم بىۋاستە ئەينى زامان مەنبەلىرى بولۇپ، خۇددى ناۋايى «مۇنشائات» ناملىق خەت - چەكلەردىن تۈزۈلگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغاندەك تاكى ئارىستوتېلدىن فارابىغىچە ۋە فارابىدىن ئەينى زامان ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە كەڭ بولغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭغا بىۋاستە كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئىدىيە مەنبەنى ئۈچ ئاساسلىق تەرەپتىن ئىزاھلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پانتېيىستلىرى ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت، ئىنسانىيەت، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت توغرىسىدىكى راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرىدىن ئىبارەت. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئىسلامىيەت شەرقىيدە، خەلىپە ھارۇن رەشىد ۋە خەلىپە مەئمۇن زامانىسىدا روياپقا چىققان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، ئوت-

تۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىدىكى ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتقان ئاجايىپ قۇدرەتلىك پىكىر مەنبەئى بولغان ئىدى. بۇ پىكىر مەنبەئى ناۋايىدىن ئىلگىرىكى ۋە ناۋايى زامانىدىكى كلاسسىك مۇئەللىپلەرنىڭ قەلەم يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئەلىشىر ناۋايى كلاسسىك پېرىپاتېتچىلار ۋە ناتۇرال پانتېئىستلارنىڭ تەبىئەت ئىلمى، تەبىئەت پەلسەپە تەلىماتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى، يۇقىرىقى مەنبەنى جۇلالاندۇرغان ھالدا، جاھان سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان سەنئەت ئەزىمەتلىرىدىن ئەبۇلقاسىم پىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى، جالالىددىن رۇمى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامىنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي شېئىرىيەت ماھىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (گەرچە ناۋايى بۇ ھەقتە تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ)، ئەخمەت يۈكنەكى، لۇتپى، سەككاكى، ئاتايى، ئەخمەد خوجابېك، سۇلتان مالىك قەشقەرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ گۇمانىستىك، راتسىئونالىزىملىق پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» تۈركۈمىگە كىرگەن داستانلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە ئىدىيىلىرى «شاھنامە»، «خەمسە نىزامى»، «خەمسە خىسراۋ دېھلىۋى»، «گۈلىستان»، «بوستان»، «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) قاتارلىق كلاسسىك داستانلار ئىلھامىدا مەيدانغا كەلدى. ناۋايى ئىنساننىڭ ئەقلى - پاراستى ۋە بەختىيار ھايات تەلپۈنۈشلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى ئۈمىدى توغرىسىدا ئۆز پېشۋالىرىدىن كۆپرەك، يۈكسەك ۋە يالقۇنلۇق ئوبراز ۋە مىسرالار ياراتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ پېشۋالىرى يېتەرلىك ئۈلگىلەر كۆرسىتىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

ئۈچىنچى، يەنىلا يۇقىرىقى پېشۋالار ئىچىدىكى شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى، سەددىدىن مۇھەممەد قەشقەرى، ئابدۇراخمان جامىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ئەدەبىيات شەكلىدىكى سوپىزىم ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت بولدى.

ئەلىشىر ناۋايى ياشىغان زامان ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى غەززالى قاتارلىقلارنىڭ كۈچەپ ئۇرۇنۇشى بىلەن ھەر خىل ئاتالمىش «دەھر»، «پاسىق» تەلىماتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، پەلسەپە دىنىنىڭ دېدىكىگە ئايلانغان دەۋر ئىدى. مەشھۇر ئىشان خوجا ئەھرارنىڭ قولى ھەممە يەرگە سوزۇلغان، ھەتتا سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئۇنى كۆرگەندە دەرھال ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئەلىشىر ناۋايىغا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا روھانىيەتچىل سوپىزىم شائىرى، «ئىلاھىنامە»، «ئەسرارنامە»، «بۇلبۇلنامە»، «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا»، «مەنتىقۇتتەير» (قۇش نۇتۇقى) قاتارلىق مىستىك تەركىي دۇنياچىلىق تەرغىباتىدىكى ئەسەرلەر مۇئەللىپى پەرىدىدىن ئەتتار (؟ - 1229) نىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرى سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەلىشىر ناۋايى بىر مەزگىل كىشىلەردىن چەتنەپ، ئاتا - ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويغان. ئەلىشىر ناۋايى كېيىنچە باشقا ئىجابىي ۋاستىلار تۈپەيلى بۇ سەلبىي

تەسىردىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، ئۆسمۇرلۇك چېغىدىكى مۇشۇ تەسىر تۈپەيلىدىن، گەرچە مەزمۇنى جەھەتتىن زور پەرقلەنسىمۇ، 58 بېيىتدا «لىسسانۇتتەير» (قۇش تىلى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلشىر ناۋايىغا ئابدۇراخمان جامىنىڭ غايەت زور مەنىۋى - بەدىئىي تەسىرى ئىچىدە جامىنىڭ نەقشىۋەندىچىلىك سوپىزىمى كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. مەلۇمكى، ئابدۇراخمان جامى بۇخارالىق خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندە① (1314 — 1388) تەرىقىتىنىڭ ئەينى زاماندىكى مەشھۇر مۇرىدى ۋە خەلىپىسى سەئىددىن مۇھەممەد قەشقەرنىڭ مۇخلىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە ئۇ 1456 - يىلى 13 - مايدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەشھەتتىكى قەۋرىسى يېنىدا ياشىغانىدى. ئەلشىر ناۋايى ئەسەرلىرىدە ئەھمەد يەسەۋى ۋە پەخرىددىن ئەتتارنىڭ، تەركىي دۇنياچىلىق ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلغۇچى روھانىيەتچىل تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىن پەرقلىق ھالدا باھاۋىددىن نەقشىۋەندى ۋەكىللىكىدىكى سوپىزىمغا مايىللىقى روشەن ئىپادىلەنگەن.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، ئەلشىر ناۋايىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا ئىدىيىۋى مەنبە بولغان يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپ، ئەينى زاماننىڭ رېئال ھاياتى، ئۇنىڭ زىددىيەتلىرى، كۈرەشلىرى، خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقنىڭ روھى ھالىتى ئاساسىدا ناۋايى ئىدىيىسىدە ئېۋۇلىيۇتسىيەلىك تەرزىدە يۇغۇرۇلۇپ، ناۋايىنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپە قاراش بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىقلارنىڭ ناتۇرال پانتېزمىدىن، ئۆمەر ھەييامدەك دېئىزمدىن پەرقلىق ھالدا روھانىيەتچىل پانتېزم ۋە نەقشىۋەندىچە سوپىزم تۈسىنى ئالغان. روھانىيەتچىل پانتېزم تەبىئەتنى ئىلاھىيەتكە بېقىندۇرۇپ ئىزاھلاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، بۇ ھال ناۋايىنىڭ باھاۋىددىن نەقشىۋەندىنى پىر تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان كلاسسىك سەنئەت ئۇستازى، ئاجايىپ تالانت ۋە مىسلىسىز سەمەرە ئىگىسى ئەلشىر ناۋايىغا پەلسەپە جەھەتتىن يېقىنلىشىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىنى ماركسىزم ئاساسىدا تەھلىل قىلماي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

### 3 . ناۋايىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى

ئەلشىر ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئىنسان، ئەقىل، بىلىم، ئىرادە ئەركىنلىكى، ئەخلاق، دۆلەت، خەلقلەر دوستلىقى، گۈزەللىك، تەلىم قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ توختالدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدا، بولۇپمۇ

① ئەسلى ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد فەزل بۇخارى.

پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيە تېمىسىدا يېزىلغان «ھەيرا تۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇلقۇلۇپ»، «لىسسا نۇتتەير»، «فۇسۇلى ئەربە»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى.

ناۋايى ئالدى بىلەن ئالەم ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، تەڭرى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئەسلى زاتى - سوبىستانسىيىسىدىن ئىبارەت. ناۋايى ئەسلىدە ئالەمدە بىرلا تەڭرى مەۋجۇد ئىدى. كېيىنچە ئۇ ئۆز مۇمكىنلىكلىرى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، كائىناتنى، ھاياتلىقلارنى ۋە ئىنسانىيەتنى ياراتتى دەپ قارايدۇ. ئۇ «فانى» تەخەللۇسىدە يازغان غەزىلىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەز ۋۇجۇد ئەر سەرى ئان نىيست شۇ ئۇررا، چى ۋۇجۇد،
سەد ھەزار ئەر بۇۋەد ئەئداد چى مۇمكىن بى يەك»
(رەقەم يۈزمىڭ بولسىمۇ بىرسىز مۇمكىن بولمىغاي،
بىر ۋۇجۇدنىڭ تەسىرىسىز ھېچ نىمە مەۋجۇد ئەمەس)

ناۋايى بۇ خىل دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ناۋايى ئەسەرلىرى بۇ خىل دۇنيا قاراشنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدىغان ئىلاھىيەتچىل ئەدەبىياتتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. ناۋايى «رۇھۇل قۇدس» ناملىق 132 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان پارسچە قەسىدىسىدە يەككە يېگانە خۇدا («تەۋھىدى بارى تەئالا») توغرىسىدا توختىلىپ: ئىنسان جىسمىنى تۇپىدىن ساز ئەتتىڭ، ئۇنىڭ جىسمىنى ئاسمان گۈمبىزىدىنمۇ يۇقىرىغا كۆتەردىڭ، ئۇنىڭ جىسمىغا رەھمەت يامغۇرى ياغدۇرۇپ، تەبىئىتىنى مۇلايىم قىلدىڭ، يەنە ئۇنىڭغا تۆت زىددىيەتلىك تۇپراق، ئوت، سۇ، ھاۋادىن تەركىب قوشتۇڭ،① ۋۇجۇدىنى گۈزەل قىلىپ، جان بېغىشلىدىڭ، ھەۋەسلىرىنى راست ئەيلەپ، مېڭە قەسىرىسىگە ئەقىل نۇرى بەردىڭ، بەدىنىنى ئاجايىپ مەملىكەت قىلىپ، قەلبىنى سۇلتانلىق تەختىگە چىقاردىڭ، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىلىمنى رەھنامە قىلىپ، بىرىنچى تەلىمدە ئۆزۈڭنى تونۇتتۇڭ، ئۇ ئىلىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مالائىكىلەر قول سۇپىتىدە ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. بارلىق مەۋجۇدىيەتلەر ئىچىدە ئىنساننى ئەڭ ئۇلۇغ قىلىپ ياراتتىڭ.

روشەنكى، ئەلشىر ناۋايى تەڭرىنىڭ ئالەم ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان شەرت ئاستىدا، تۆت زات ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرى، ئىنساندا بىرلەمچى نەرسە تەن، ئىككىلەمچى نەرسە جان (روھ) ئىنساننىڭ ئەقىل نۇرى بىلەن دۇنيانى بىلىشى مۇمكىنلىكى ۋە ئىلىم ئىگىلىگەن، ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ گۈزەلى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئىنسانىيەتكە بارلىق ئىلاھى سىرلار، پەرىشتە - مالائىكىلارنىڭ بېقىنىدىغانلىقىنى مۇ-

① ئەسلى پارسچىسى مۇنداق:

«چەھار زىدرا كەردى بايەك دىگەر تەركىب،
كى خاكۇ ئاتەش ئانگەھ ئاب بۇدۇ، ھاۋا»

ئەيىبەنلەشتۈرگەن. ئۇ «لىسسا نۇتتەير» داستانىدا تۆت زاتنى كائىناتنىڭ ئالىي ئاسا-
سى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ مۇنداق يازغان.

ئەلشىر ناۋائىي ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تەڭرىنى بىر - بىرىگە قارشى قويمايدۇ.
ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا تەڭرىنىڭ «ئۆز - ئۆزىدە» تۇرغان ھالىتىنى، ھەر خىل شەكىلدە
نامايەن بولغان ھالىتىدىن ئىبارەت، شۇنداق قىلىپ تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس؛
بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەربىر زەررىسىدە، دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ، ناۋائىيچە، دۇن-
يا - ئەينەكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن نەرسە - تەڭرىدىن ئىبارەت. ئۇ «ھەي-
رە تۇل ئەبرار» داستانىدا بۇ ئەينەك (ئەين) ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت① ساڭا،
نە كېلىپ ئاخىرىدا نىھايەت② ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ، ئاخىرۇ مابەينى ئۆزۈڭ،
بارچىغا خالىق، بارچىغا ئەين ئۆزۈڭ»

شۇنداق قىلىپ، ناۋائىي ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىدى، بۇ
جەھەتتە ئۇنىڭ قاراشلىرى پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزمچىلارنىڭ دۇنيا تەڭرىدىن ئې-
مۇناتسىيە قىلىنىپ - جۇش ئۇرۇپ چىقىپ شەكىللەنگەن دېگەن قارىشىغا يېقىنلاشتى.

ئەلشىر ناۋائىي ئۇلۇغۋار گۇمانىست سۈپىتىدە ئىنسانىيەت بىلەن تەڭرىنىڭ مۇنا-
سىۋىتى مەسىلىسى ئۈستىدە يازغان ئايرىم شېئىرلىرىدا تەڭرىنىڭ ئىنسان تەقدىرىگە
بىپەرۋا قارايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بايلارنىڭ تېخىمۇ بېيىشى، گادايلارنىڭ تېخىمۇ گاداي-
لىشىشىغا يول قويىدىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن.③ ئۇ «ھەيرە تۇل ئەبرار» دا مۇنداق
يازىدۇ.

«ياغار ئۇڭا سۈپرەكى، ئول ئاچ ئەمەس،
بېرۇر ئۇڭا تونكى، يالاڭاچ ئەمەس.
ئات ئۇنى تارتاكى يۈز يىلقىسى بار،
سىم ئاڭا بېرۇركى، يۈز ئىلغىسى بار»④
«تەڭرى بۇ دەردىڭگە دەۋا ئەيلەمەس،
ئۇشبۇ جەھەتتىنكى ھەقۇللا ئەمەس.
گەرچە سىنىق ئىڭنە ھەققۇنناسىدۇر،
باغرىڭ ئارا خەنجەرى ئالماسىدۇر»

ناۋائىي ئالەم بۇلارغا بىپەرۋا، ئۇ ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خۇر-

---

① بىدايەت — باشلىنىش. ② نىھايەت — ئاخىرلىشىش.

③ «ئەلشىر ناۋائىي تولۇق ئەسەرلەر»، تاشكەنت، 1965 - يىل نەشرى 6 - توم 69 — 70 - بەت («ھەيرە تۇل ئەبرار» نىڭ 5 - ماقالاتى 37، 38 - بېيىتلار)

④ شۇ كىتاب 50 - بەت، 3 - ماقالاتىنىڭ 46—47 - بېيىتلىرى.

سەند، ھەممىنى ئۆيۈنچۈق سانايدۇ، دەيدۇ.

«دەھرىدە ھەر نەقىش سەۋا بۇقۇسۇر،
بارچەسى بۇ نەردىدىن ئەيلەپ زۇھۇر»
«كىمگە ۋە فادىن بىرىبان چاشنى،
بىر نەپەس ئالماي كۆزىدەن ياشنى»

ناۋايى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئىسيانكار ئۇچقۇنلىرىدىن ئىنىدىكىپ، بۇ خىل ئىبارد-لىرىنى قەلەمنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى سۈپىتىدە پارسچە غەزىلىدە مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«چۇن قەلەم سەربەر خەتەت نەئىمھاد، ئەز ئان مەنى بۇۋەد،
تا قىيامەت سەر نىگۇ نۇرۇسىيا خۇسىنا چاك»

تەرجىمىسى:

پەرمانلىرىڭغا قەلەم بويسۇنمايدۇ، شۇڭلاشقا تاكى قىيامەتكىچە
ئۇنىڭ بېشى تۆۋەن، يۈزى قارا، سىنسى يىرتىق-چاك.

ئەلشىر ناۋايى ئالەم، يۇلتۇز ۋە سەييارىلار، تۆت پەسىل، ماددىي دۇنيانىڭ زىددىيەتچان ھەرىكىتى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ناۋايى «فۇسۇلى ئەرجە» (تۆت پەسىل) ۋە «ھىلالىيە قەسىدىسى» ناملىق شېئىرى ئەسەرلىرىدە «گۈزەل گۈلشەن» بولغان ئالەمنىڭ زىددىيەتچان ھەرىكىتى، «سەرەتان» (ياز)، «خازان» (كۈز)، «دەي» (كۈز)، «باھار» پەسىللىرى تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنى گەۋ-دىلەندۇرۇپ بايان قىلىنغان. ئۇ:

«دەھر گۈلشەنىنىڭ ئىشى ئىككى رەڭلىكتۇر،
گاھى باھار، گاھى كۈز، گاھى سەھەر گاھى كەچ.

دەپ يازىدۇ.

ئەلشىر ناۋايى «سەبى سەييار» (يەتتە سەييارە) داستانىدا، ئەنئەنىۋى «يەتتە-تىلىك تەلىمات» ئەسىرىدە، يەرنى دەۋر قىلىدىغان يەتتە يۇلتۇزنى بەھرەم گورنىڭ كۆكۈل ئاچىدىغان يەتتە گۈلشىنىنىڭ نامى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇ ھەر بىر سەييارە نامىدىكى باغدا بەھرەم بىر كۈن سەيىر تاماشا قىلاتتى، دەپ ئوقتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر كۈن بىر سەييارىنىڭ نامى بولۇپ بېكىتىلگەن. ئۇ مۇنداق بولغان:

يەكشەنبە — قۇياش كۈنى
دۈشەنبە — ئاي كۈنى
سەيشەنبە — مارس (مىررىخ) — ئوت يۇلتۇزى كۈنى
چارشەنبە — مىركورى (ئۇتارىد) — سۇ يۇلتۇزى كۈنى
پەيشەنبە — يۇپىتىر (مۇشتەرى) — باغاچ يۇلتۇزى كۈنى

جۈمە — ۋېنىرا (زۆھرە) — ئالتۇن يۇلتۇزى كۈنى

شەنبە — ساتۇرن (كەيۋان) — تۇپراق يۇلتۇزى كۈنى

قىزىقى شۇكى، بۇ خىل چىسلا ئەنئەنىسى مۇشۇ كۈندە ياپونىيىدە ئەينەن قوللىنىلغان بولۇپ، بابىلون ۋە جۇڭگو ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرىغا ماس كېلىدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم ئوبيېكتى بىلەن قارشىلىشىش ھالەتتىكى بولۇشى مۇمكىن.

ئەلشىر ناۋايى ئىنسانىيەتنى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ كۆركى، شۆھرىتى، ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەت دەپ ھېسابلىدى. ئۇ «ئىنسان مەركەز» نەزەرىيىسى (ئانتروپوسېنتىزم) قاراشلىرىنى «تەڭرى ياراتقان مەۋجۇدىيەت» قانىتى ئاستىدا گەۋدىلەندۈردى. ئۇ «مەقسەت نەزەرىيىسى» (تېلېئولوگىيە) قاراشلىرى بويىچە ئىنسان تەڭرىنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى يارىتىشتىكى ئەڭ ئالىي مەقسىتىدىن ئىبارەت، ئىنسان يارىتىلغاندا ئۇنىڭغا مالائىكىلارمۇ سەجدە قىلغان، دەپ، ئىنسانىي مۇقەددەس زاھىرى شەيئى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىدى. ناۋايى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

«مۇنچە غارايىپكى مىسال ئەيلەدىڭ،
بارچەنى مىرادى جامال ئەيلەدىڭ.
گەنجىڭ① ئارا نەقد② فەرۋان③ ئىدى.
لىك، بارىدىن غەرەز④ ئىنسان ئىدى»
«قانىيۇ ھەيۋانى ئەگەرخۇد ئەبات،⑤
ھەر بىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سۈفەت.
بارچەسىنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن ئىنسانىي شەرەف ئەيلەدىڭ»

ناۋايى «لىسانۇتتەيىر»نىڭ مۇقەددىمىسىدە (11 - توم، 7 - بەت) بۇ مەقسەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

«ئا فەرىنىشتىن⑥ قىلىپ ئىنسان غەرەز،
ئانى ئەيلەب خەلق⑦ ئىچىندە بى ئىۋەز⑧.
كۆڭلىنى ئانىڭ مەھرەنى⑨ ئىرفان قىلىپ،
ئۇل تىلىسىم ئىچرە ئۆزىنى پىنھان قىلىپ،
رازى مەخفى گەنج ئولۇپ بۇ تۇرفە⑩ جىسمى،
سۇنئىدىن⑪ ئۇل گەنج ھىفزىغا⑫ تىلىسىم...»

ناۋايى ئىنسانىي ئالەم يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ سەر خىلى

---

① گەنج — خەزىنە؛ ② نەقد — تاللانغان، سەر خىل، ساپ، قىممەت باھا؛ ③ فەرۋان — زىننەت، بېزەك ھەشەمەتلىك؛ ④ غەرەز—مەقسەت؛ ⑤ قېنى بار ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولمىسۇن؛ ⑥ ئاغەرنىش—يارىتىلىش؛ ⑦ بۇ يەردە بارچە شەيئىلەر مەنىسىدە؛ ⑧ بى ئىۋەز — تەڭداشسىز؛ ⑨ مەھرەنى—بىر نېمىنىڭ غېمىدە، بۇ يەردە بىلىمنىڭ غېمىدە مەنىسىدە؛ ⑩ تۇرفە—يېڭى، مۆجىزىلىك؛ ⑪ سۇنئىدىن—ياساش، ماھارەت؛ ⑫ ھىفز—ساقلاش:

دېيىش بىلەن بىللە، ئىنساننى ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتىنى، ئىنساننىڭ ئەخلاق ۋە تەربىيىسىنى ھەربىر ئىنساننىڭ، ھەربىر ئائىلىنىڭ، ھەربىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى، دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ «ياخشى» ياكى «يامان»لىقنى ئايرىيدىغان توپ مىزاندىن ئىبارەت.

ئەلشىر ناۋايى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، بىلىم ۋە كامالىتى ۋە بەخت - سائادىتى مەسىلىسىدە ئىسلام كالامىزمى تەرغىباتى بىلەن سوپىزم تەركى دۇنياچىلىقىغا كۆرىنەرلىك قارشى يۆنىلىش تۇتىدۇ، كالام ئەقىدىلىرىگە كۆرە ئىنسان ئۆز گۇناھلىرىنى بىلىشى ۋە دىن - شەرىئەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا چەكلىنىشى لازىم ئىدى. سوپىزمچىلار رېئال دۇنيادىكى ئىنسان ھاياتىنى رەت قىلىپ، تەركى دۇنياچىلىقىنى، تەرىقەت يىتىلىغا كىرىپ، ئۆلمەي تۇرۇپ، ئۆلۈكتەك ياشاپ، تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش «ھەقىقىتى»گە ئېرىشىشى كېرەك، دېيىشەتتى. ناۋايى بۇ مەسىلىدە يالقۇنلۇق گۇمانىزمچىل ۋە راتسىئونالىزمچىل مۇتەپەككۇرانە قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلدى. «ھەيرە تۇل ئەبرار»دا ئۇ مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

«بەس! نىدۇر ئول غەمدىن ئۇلۇپ دەرتىناك،①
ئۆزىنى ئۆلمەكتىن بۇرۇن ئېتمەك ھالاك؟
ئۆلمەك ئۇچۇن مۇنچە نىدۇر ما تەمىڭ،
تۇتقۇسى مەتەم ساڭا ھالۇ ئەمىن.②
بولسا غەمىڭ جانىڭغا سالما ئەلەم.
بىر غەم ئېرۇر، بەس يىمەگىل ئىككى غەم»

ئەلشىر ناۋايىنىڭ بارلىق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى مۇشۇ خىل ئىنسانغا بولغان ئوتتەك مۇھەببەتنىڭ مەنتىقى ۋە ئۇبرازلىق خۇلاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

كلاسسىك نېمىس پەيلاسوپى فېيېرباخ، ئىنساننى سۆيمىگەن پەيلاسوپ، ئىلاھىيەتچىدۇر، دېگەن ئىدى. ئەلشىر ناۋايى «ھەيرە تۇل ئەبرار» داستانىدا چوڭقۇر مەنىدە مۇنداق يازىدۇ.

«ئادىمى ئېرسەڭ دىمەگىل ئادىمى.
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى»

ئەلشىر ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە «تەڭرى — تەبىئەت — ئىنسان» مەسىلىسىگە يانداشقان ھالدا «تەڭرى — دىنى كەسپدارلار (مەسلەن سوپىلار) — ئىنسان» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئاساس ئورۇنغا قويۇپ ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلاتتى. ئەلشىر ناۋايى «لىسسا نۇتتە يىر» داستانىدا ماجازى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق تەمسىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ

① دەرتناك — دەرتلىك؛ ② ئىشەنچلىك ساقلىغۇچى.

«سۇمرۇغ»، «ھودھود» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار»دىن ئىبارەت ئۈچ كاتېگورىيىلىك پېرسوناژنى «تەگرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت»كە ۋەكىل قىلىپ، تەگرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىكىر - ئىختىلاپلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەلىشىر ناۋايى: تەگرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن جەۋھەر. شۇ سەۋەبلىك سوپىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركى دۇنياچىلىق ئازابىنى چېكىپ تەگرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەركى دۇنياچىلىقنىڭ يەتتە باسقۇچىنى بېسىپ، تەگرى بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان سوپىلارنى، جۈملىدىن پەخىرىددىن ئەتتارنى «ھودھود» سىماسىدا تەنقىدلەيدۇ. «قۇشلار»نىڭ ھاياتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، «سۇمرۇغ»نى ئىزدەش يولىدا نابۇد بولۇشۇپ، ئاز قالغانىدىن كېيىن، «ھودھود»غا بىلدۈرگەن نارازىلىقلىرىنى قوللايدۇ. «قۇشلار»نىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشىگە، ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشىگە، ھاياتنى سۆيۈشىگە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەلىشىر ناۋايى بۇ مەسىلىدە «قۇتادقۇبىلىك»تىكى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ زاھىد ئۇدغۇرمىشنى ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندىگىنىدەك گۇمانىزملىق كىشىلىك قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 4 - گۇمانىزم — ناۋايى ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزىكى

روشەنكى، راتسىئونالىزم — گۇمانىزم ناۋايى ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزىكى، ناۋايى ئەسەرلىرى خەزىنىسىنىڭ گۆھىرى، ناۋايى قەلبىنىڭ ھېكمەتلىك ناۋاسى ئىدى.

ناۋايى ئەقىل - پاراسەت، تەپەككۇر ئىقتىدارى، ئىلىم - پەن مەسىلىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغۋار راتسىئونالىستى، مەرىپەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ «ئىنسان ئەقىل چىرىقى، پۈتۈن كائىنات كۆزىنىڭ نۇرىدۇر» دەيدۇ. ئۇ ھۆر - پەرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلار بىلەن ئىنساننى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازغان:

«ئەي كۆڭۈل، ھۆرۇ پەرى ۋەسپىنى① ئىشىتتىم گويا،
ھېچ قايسى ئادەمىلىكىدا ئەمەس ئىرۇر ئىنسانچە خوپ»

ناۋايىچە، ئىنساننى ئەقىل قۇدرەتلىك قىلغان، ئۇڭا بارلىق ئەۋزەللىكلەرنى بېغىشلىغان. ئۇ «نەزمۇل جەۋھەر»دە مۇنداق يازغان:

«ھەر كىم سەكى ئەقىل كۆڭلىدىن زايىلدۇر،②
قارۇن③ ئېسە ئەقىل قاشىدە ساھىلدۇر.④
يۈزگەنج كىشىگە ئەقلىدىن ھاسىلدۇر،
يوقتۇر ئاڭا فەقرۇ⑤ فاقە⑥ كىم ئاقىلدۇر»

---

① ۋەسپى — تەرىپى؛ ② يوقالغۇچى؛ ③ چەكسىز بايلىققا ئىگە كىشى؛ ④ ساھىل — چېكى، ئار، چەكلىك؛
⑤ فەقر — كەمبەغەل؛ ⑥ فاقە — مۇھتاج؛

ناۋايى، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇ «نەزمۇل جەۋھەر» دە بۇ ھەقتە مۇنداق تەرىپلىگەن.

«كىم ئالىم ئىسە نۇقتەدە بەرھەقدە، ئۈنى،
گەر بەزىم تۈزەر بىھىشتە مۇتلەق دە، ئۈنى،
ھەر كىم سەكى يوق ئىلىم ئاڭا ئاخماق دە، ئۈنى،
مەجلىسدەكى ئىلىم بولسا ئوجماق دە،① ئۈنى»

ئەلشىر ناۋايى ئەقىل توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇنى تىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ ئەقىل بىلەن نۇتۇق ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«دە مەڭدىن يىراق تۇتما غىل ھۇشىنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئاپەت ساڭا»
«ئىبرۇرسەن شاھ — ئاگاھسەنسەن،
ئەگەر ئاھاھسەن - شاھسەنسەن»
«دىدى ھەر ئىشنى قىلمىش ئادىمزاد،
تەپەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمزاد»
«جىسىم بوستانىغا شەجەر سۆزدۇر،
روھ ئەشجارىغا② سەمەر③ سۆزدۇر.
گۈلشەنى كېلدى جىسمى ئىنسانى،
نۇتۇق ئانىڭ بۇلبۇلى خۇش ئەلھانى④
بولمىسا سۆز ئەجەپ بالا بولغاي،
بۇلبۇلى نۇتۇق بىناۋا بولغاي»

ئەلشىر ناۋايى مۇتەپەككۇرانە قەلەم بىلەن «ئادەم تىل ئارقىلىق ھايۋاندىن ئىمتىيازلىق ۋە ئەۋزەل»، «بەخت كەلتۈرگۈچى مۇسەخخا روھنىڭ مەنبەئى ھەم تىل»، «يامانلىق نەھىس⑤ يۇلتۇزىنىڭ چىقار ئورنى ھەم تىل»، «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇبى تىل، ۋە ئول خەزىنىنىڭ كىلىتى سۆز بىل»، «تىلىڭگە كۈچى يەتكەن ئەقىللىق دانىشمەن، سۆزىگە ئەرك بەرگەن پەسكەش ئاخماق» دەپ يازدى. ناۋايى تېخىمۇ ئىلگەرىلەپ، تىلنى تەپەككۇرنىڭ، نۇتۇقنى كۆڭۈلنىڭ ئاساسى دەپ مۇنداق يازدى:

«بارچە كۆڭۈل دۇرجى⑥ ئارا جەۋھەر ئول،
بارچە ئاغىز ھوققەسىدە⑦ گەۋھەر ئول.
سۆزدىن ئۆلۈكنىڭ تەنىدە روھى پاك،
روھداخى نەن ئارا سۆزدىن ھەلاك»

① ئوجماق — جەننەت؛ ② ئەشجار — دەرەخ؛ ③ سەمەر — مېۋە؛ ④ ئەلھان — سايراش؛ ⑤ نەھىس — مىرىخ (مارس)؛ ⑥ دۇرج — قۇتا؛ ⑦ ھوققە — لەب.

ناۋايى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ئىلىم - پەن ئۆگىتىشنى، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ساۋاتلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«هەر كىشى كىم خەتتى ئارا چەكسە قول،
بولسۇن ئاڭا مەنزىلى مەقسەدكە يول.
گەر بۇ ساۋاد بولمىسا نېتەكەي كىشى،
نەزمىن ئالىپ قاي سارى كەتكەي كىشى»

ناۋايى هەر قايسى بىلىملەردىن، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، تارىخ ۋە هۈنەر - سەنئەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ئىلىمنى «ئىككى جاھان» پادىشاھلىقىدىن ئۈستۈن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەلسەپە (ھىكمەت) ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق يازدى:

«ئەگەر ھېكمەتكە بولسا ئىلتىپاتىڭ،
كى بولسۇن نۇھ ئۆمرىچە هاياتىڭ»

ئۇ تىبابەتچىلىك هەققىدە بۇنداق دەيدۇ:

«ۋە لېكىن تىبۇ ھىكمەت هەم ئېرۇر خوب،
كى سېھھەتتۇر① كىشى جىسمىدە مەتلۇب»②

ئۇ تارىخ ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەهمىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«نى ئىشتىن مەملىكەت ئاباد بولدى،
قايۇ ئىشتىن ئۇلۇس بەرباد بولدى.
نىدىن تاپتى مە مالىك③ ئىستىقامەت،
نى ئىشتىن ئەلگە يۈزلەندى سالامەت.

ئۇ هۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا ئۆگىنىشنىمۇ تەكىتلەيدۇ.

«قۇياشلىق ئىستەسەڭ كەسپى كامال ئەت،
كامال ھەر كەسىپ ئېتەرسەن بىمالال ئەت.

ناۋايى ئىلىمنى ئەلگە بەھرىمان قىلىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش توغرىسىدا توختىلىپ، ئىشلىتىلمىگەن بىلىم دان تېرىپ ھوسۇل ئالمىغانلىقتا ئوخشايدۇ، دەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئىلىم ئوقۇپ قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،④
دان ساچىپ كۆتەرمىدى مەھسۇل»

ئەلشىر ناۋايى ئۆز داستانلىرىنىڭ بارلىق ئەجايىپ قەھرىمانلىرىنى ئەقىل - پارا-

① سېھھەت — ساغلاملىق؛ ② مەتلۇب — تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە؛ ③ مەمالىك — مەملىكەتلەر؛
④ ئىشقا ئاشۇرمىغان.

سەت، ئىلىم - ھېكمەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە، بارلىق گۈللەنگەن ئەللەر ۋە خەلقلەرنى ئىلىمدىن بەھرىمەن بولغان ئەللەر ۋە خەلقلەر سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇ خاقانى چىن بىلەن يۇنانىستاننى شەرق بىلەن غەربتىكى ئىككى ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئۇچىقى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ قەدىمكى گرېك مۇتەپەككۇرلىرىدىن فىساغورس (پىفاكور)، بۇقرات (ھىپپوگرات)، سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتالىس، بالىنوس، جۇلىنوس، بەتلىموس قاتارلىقلارنى پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تىلغا ئالغان.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ يالقۇنلۇق گۇمانىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ داستانلىرى ۋە ئىنسان تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىكىلىرىدا يارقىن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمان ۋە ئېپىك قەھرىمانلىرى مىللەت، رايون، دىن ۋە جىنسى پەرقلىرىنى بۇزۇپ گۇمانىستىك پىكىرنىڭ بەدىئىي دوردانلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىدىن پەرھاد چىن مەملىكىتىدىن، شىرىن ئەرمەنىيەدىن، مەجنۇن بىلەن لەيلى ئەرەب، ئىسكەندەر يۇنانلىق، رۇخسانە ئوتتۇرا ئاسىيالىق، دىلارام ئىرانلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەڭرى ياراتقان، بىقارار ۋە بىۋاپا ئالەمدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنىڭ تەقدىرى، بولۇپمۇ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ گۈزەللىكلىرى، ئىرادە ئىختىيارلىقى، ئەركىن مۇھەببەت ۋە ئىشقى ساداقەتنى كۈيلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۆتكۈنچى ئالەمدە قىسقىغىنە ئۆمۈرنى مەنىسىز ئىستىقامەتكە بېرىۋەتمەي ياخشى ياشاشنى تەكىتلەيدۇ، ئۇ:

«دەھر باغىدا نىچە كۆنىكىم تىرىكسەن، ئەيش قىل،
كىم يانا تاپماق ئەمەس مەلۇم بۇ بوستان كەبى»

دەپ يازىدۇ.

ئەلشىر ناۋايى شىرىن، مېھىنبانۇ، لەيلى، دىلارام، چىن كېنىزىكى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاياللار ئوبرازىنى، ئۆز لىرىكىلىرىدا كۆپلىگەن «يار» «جانان» تەسۋىرى بىلەن ياراتتى. ناۋايى ئاياللار خارلانغان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكى، سۆيگۈ ھوقۇقى ۋە ئىنسانى قىممىتىنى قوغداپ مەيدانغا چىقتى، ئۇ مۇنداق يازغان:

«ياخشى خاتىنلار سافائى زوھدىدىن①،
ئالەم ئىچرە گەر يورۇقلۇق بولسا فاش.
يوق ئەجەب، چۈنكى ئەرەب ئەلفازىدا،②
ئىستىلا③ ئىچرە مۇئەننە④ سىتور قۇياش»

يەنە:

«يۈز تۈمەن ناپاك ئەردى ياخشىراق،

---

① زوھد — بۇ يەردە پاكلىق نەزەردە تۇتۇلغان؛ ② ئەلفاز — سۆز؛ ③ ئىستىلا — كېڭەيتمىش، ئىگىلەش؛
④ مۇئەننەس — ئايال جىنسى؛

پاك خاتىنلار ئاياغىنىڭ ئىزى»

دەپ يازغان. ئۇ كۆڭۈل ۋە پىكىر مەسىلىسىدە مىللىي، ئىرقىي پەرق يوق، ھەممىسى دوست دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«كۆڭۈلنى ئالسا، مالامەت① بىللە تەفاۋۇت يوق،
خىتايى ئۇلسۇنۇ يا ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ»
«ھۆسۈن چۈن جىلۋە قىلۇر، ئاقۇقارادا يوق پەرق،
كىشىگە كەلسە بالا، خاھى خىتا ھاھى ھەبەش.
مەن تىلەپ ھۆسۈن، ۋەلى ساھ تىلەپ ئەسلۇ نەسەب،
ماڭا لولى بىلەن ھىندۇ، ئاڭا قونغۇرا② توقيات»③

ئەلىشىر ناۋايى مۇھەببەت تېمىسىنى گۇمانىزملىق ئىدىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە، كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ مۇھەببەت مەسىلىسىگە يېقىنلاشقاندا، بۇ تېمىنى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي تېما دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

ئەلىشىر ناۋايى قەلىمى ئاستىدا مۇھەببەت كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، ئىۋۇلىيۇتسىيىلىك جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى بىر قاتار لىرىكىلىرىدا سوپىزمنىڭ باھاۋۇدىن نەقشۇەندى — سەدىددىن قەشقەرى — ئابدۇراخمان جامىغا يانداشقان «ئىشقى ھەقىقى» (تەڭرىگە مۇھەببەت) ئىپادىلىرى ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئىشقى لىرىكىلىرىدا يەنىلا «مەجازى ئىشق» (ئىنسان ۋە تۇرمۇشقا مۇھەببەت) ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بىر مۇنچە ھاللاردا ناۋايى بۇ ئىككىسىنى بىر-لەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭچە ئىنسان تەڭرى مۆجىزىلىرىنىڭ كۆركى، ئىنسانغا مۇھەببەتسىز ياراتقۇچىغا مۇھەببەت بىمەنىلىكتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«گەر ناۋايى يىغلاسا، ئىشقىڭ مەجازىدۇر دىمە،
كىم نەزەر پاك ئەيلەگەچ ئەينى ھەققەتتۇر مەجاز.
مەجازىدىن ماڭا مەقسۇد ئېرۇر ھەقىقىي ئىشق،
نىدىنكى، ئەھلى ھەقىقەتكە بۇ تەرىقەت ئېرۇر،
مەجازدىن چۇ ھەقىقەتكە يول تاپار ئاشىق،
قىلۇر مەجازنى نەفيى④ ئۇلكى بىھەقىقەت ئېرۇر»

روشەنكى، ناۋايىچە ئىنسانغا مۇھەببەت (ئىشقى مەجازى) تەڭرىگە مۇھەببەت (ئىشقى ھەقىقى) بىر نەرسە، خەلقنى تاشلاپ، تەركى دۇنياچىلىق يولى تۇتماق ھەر ئىككى مۇھەببەت جۇملىسىگە ياتتۇر. ئۇ تەڭرى مۇھەببىتىگە ئىنسان مۇھەببىتى بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ مەسىلىدە زاھىد، دەرۋىشلەرنى مەسخىرە

① مەلامەت بىللە تاپاۋەت — ئەيىپ ۋە پەرق؛ ② قونغۇرات — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى؛ ③ قىيات — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى؛ ④ نەفيى — رەت قىلىش، رەت قىلغان.

قىلغان ئىدى.

ناۋايى ئۆز لىرىكىلىرىدا، بولۇپمۇ ئېپىك داستانلىرىدا ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت ئېۋولىيۇتسىيىسى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئىنسانى مۇھەببەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تېپىك ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدار كارتىنىسىنى سىزدى، ئۇ «ئىشقىسىز ئىشەك» دېگەندە ئىجتىمائىي مەنىدە «دەردسىز كېسەك» دەپ تىلغا ئالدى. ئۇ بارغانسېرى مۇھەببەت تېمىسىنى ئىنسانى — ئىجتىمائىي — رېئال نېگىز ئۈستىگە قۇرۇشقا يۈزلەندى. ئۇ «ئىشىق يۇلتۇزىنىڭ يالتىرىشى، شەرىئەت (ئىنسانىيەت) نۇرى ۋە سافاسى ئاندىندۇر» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ مۇنداق مىسرالارنى ياراتتى:

«قىلغاي ئىنسانىيەت، ئەركۆز مەردۇمىغا① تۇتسا ئۈنىس②،
ئەي ناۋايى ياخشىدۇر ئىنسانغا ئىنساندىن ئەنىس»③
«ئەي ناۋايى، ئول پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سېنى،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسان كېرەك»
«دېمە بۇ ئالەمدە ئول ئاي خوپ يا جەننەتتە ھۆر،
كۆر مەمشەمەن ئانداغىن، بارى ئېرۇر مۇنداغى خوپ»
«ھەمدەم بول ئەل ئىشقى بىر لەن ئاشنالەرگە مۇدام④
ھەر كىشىكى كۆڭلىدە ئەل ئىشقى يوق، ھەمدەم دېمە.
مەست بول ئەل مۇددۇئاسى يارى بىرلە ھەر نەپەس،
ئەلدىن ئايرۇجامى تاپقاندا جامى جام دېمە»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ناۋايى مۇھەببەت تېمىسىنى خەلققە، خەلق مۇھەببىتىگە يۈكسەلدۈرگەن. بۇ يۈكسەك تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئەينى زامان فېئودالىزمىنىڭ ئىنسان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت جاھالەتلىك مۇھىتىغا نىسبەتەن بۇ بىۋاسىتە ئەمەلىي ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

ئەلشىر ناۋايى ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى ئۇنىڭ ئىنسان، ئىنسانى تۇيغۇ، ئىنسان مۇھەببىتىنى ئەينى زامان رېئال مۇھىتىنىڭ مۇددىھىشلىكىگە قارىمۇ-قارشى قويغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇھەببەت مەسىلىسىدە شاھ ياكى گادايىنىڭ، ئاشىق ياكى مەشۇقنىڭ بىرىنىڭ ئىككىنچىسىگە ئىمتىيازى يوق دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك داستان ۋە ھېكايەتلىرى ئىنسانىيەت نامىدىن رېئال جاھالەتكە قىلىنغان شىكايەتنامە تۈسىنى ئالغان. بۇنىڭغا پەرھادنىڭ خۇسراۋغا قىلغان يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئەلشىر ناۋايى سىقىلغان ئىنسانىيەت بىلەن سىقىلىش ھېس قىلىپ، ئەرك ۋە

① مەردۇم — كىشىلەر، قارچۇغا؛ ② ئۈنىس — ئۈلپەت — ئۈلپەتلىك؛ ③ ئەنىس — دوستلۇق؛ ④ مۇدام — دائىم.

ئازادلىق، خۇشال ۋە كەڭ - كۇشادىلىققا تەلپۈنگەن. ئۇنىڭ «مەي» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئۇنىڭ تار رېئاللىق ئازابىدىن كەڭ روھانىيلىق ئازادىلىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنىڭ مەجازى ۋە سىمۋوللۇق شەكلىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

«يوق تۇرۇر دەۋران جاپاسىدىن قۇتۇلماق، ئەي رەپىق،
تۇتمىساڭ مەيخانەنىڭ كۇنجىنى① تا ئانداقكى مەن»

## 5 . ناۋائىينىڭ ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى

ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى ناۋائىي گۇمانىزمىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى تەرىقىسىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى ۋە بەدىئىي بالاغىتىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھەيرە تۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفا ئىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

ناۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» دىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاساسىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى تۇتقا قىلىپ، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئەخلاقى مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. مەلۇمكى، ئۇ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مەزمۇنىدىكى مۇھىم تېماتىكا ھېسابلىناتتى. دەرۋەقە، ئەلشىر ناۋائىيدىن ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىپ بولمايتتى ئەلۋەتتە.

ناۋائىي بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى ئۈستىدە ئەخلاقىي تەھلىل ئېلىپ بارماق بولىدۇ. ئۇ پادىشاھ — سۇلتانلارنى ئادىل ۋە زالىم دېگەن ئىككى تۈرگە ئاجرىتىش ئارقىلىق ئەينى زامان جاھالىتىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقىل، ئادىل، غەمخور غايىۋى پادىشاھ تەلىماتىنى تولۇقلايدۇ. ناۋائىيچە، مەنىۋى تەسىر ئارقىلىق نادان — جاھىل — زالىم پادىشاھنى ئاقىل — ئادىل — غەمخور پادىشاھقا، پارچىلانغان مەملىكەتنى مەركەزلەشكەن مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئىدى. ئىجتىمائىي ئوتتۇرىغا بېرىلگەن ناۋائىي، ھەممىنى «پادىشاھ» (قەھرىمان) بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى بويىچە جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى پادىشاھنى ياخشىلاش دەپ قارايتتى. ئۇ ھەتتا «سەبى سەييار» داستانىدا بىر كەمبەغەلنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ بەھرام شاھنىڭ ئەقىلگە كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ، ناۋائىي مۇنداق قارىغان:

«شاھى ئىش ئادىل ئىلە بۇنياد ئېتەر②،
ئادىل بۇزۇق مۈلكىنى ئاباد ئېتەر.

① كۇنجى — بۇلۇڭى؛ ② بۇنياد ئېتەر — ئىشقا ئاشۇرار.

كاپىر ئادىل ئانى ئاباد ئېتىپ،
مۆمىنى زالىم ئانى بەرباد ئېتىپ»

ناۋايى جەمئىيەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاباد ياكى خاراپلىقىنى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىملىقىغا باغلىغان. ئۇنى مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمانلىق بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغان.

ئەلىشىر ناۋايى ساراي ئەمەلدارلىرى مەسىلىسىدە دۆلەت پادىشاھى قاراشلىرىغا ئوخشاش قاراشتا بولدى. ئۇنىڭ شەيخلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يانداشتى. ناۋايىنىڭ سىياسىي ئەخلاقىي قاراشلىرىدا ئۇنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى خەلقپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر قاراشلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ناۋايى «ياخشى»، «يامان» پەزىلەت ئۆلچىمى بويىچە دېھقانلار، ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچى مۇدەررىسلەر، تىۋىبلەر، كاتىپلار، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

ئەلىشىر ناۋايى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسمىدا ئائىلە، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلەت ئۈستىدە كەڭ توختىلىدۇ.

ناۋايى ئاياللار، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە توختالغاندا ئەقىللىق، سەرەمجان، خۇشخۇي ئاياللارنى ئائىلىنىڭ گۈلى، تايانچى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ تىلى بىزەب، ھاراقخور ئاياللارنى ئائىلىنىڭ زاۋالى دەپ كۆرسىتىدۇ. ناۋايى ئىشق - مۇھەببەتنى ئىنسانى زۆرۈرىيەت، ۋاجىپ بۇرچ دەپ كۆرسىتىدۇ. ناۋايىچە، ۋاپا — مۇھەببەتنىڭ شەرتى، ئىنسانىيەت تاجىنى بېزەپ تۇرغان بەباھا گۆھەر دەيدۇ. ناۋايى تولىمۇ مەيۈسلىك بىلەن تاشقى ئالەمنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «جاھان گۈلشەنى ۋاپا گۈلىدىن زىننەتسىز» دەيدۇ.

ناۋايى «قانائەت»دىن ئىبارەت ئىسلام شەرقىيدىكى ئاساسلىق ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى روھانىيەتچىل ئىزاھلاردىن تازىلاپ، ئۇنى تاماگەرلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق روھى ئازابلارغا ئېلىپ بارمايدىغان روھىي ئەركىنلىكنىڭ نېگىزى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنى «سۈيى قۇرىماس بۇلاق»، «بايلىقى پۈتمەس خەزىنە»، «كىشىگە ئىززەت ھۆرمەت مېۋىسىنى سۇغا قىلىدىغان دەرەخ» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ھەيرە تۇل ئەبرار» داستانىدا قانائەتسىزلىكنىڭ مەنتىقى بىمەنىلىكىنى ئارتۇقچە بايلىقتىن كەلگەن ئالتۇن سىرغا ۋەزەر ئۆتۈك تەسۋىرىدە مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«ئالتۇن ئىسىرغا قۇلاقنى ئاغرىتۇر،
زەرھەل ئۆتۈكتۈركى ئاياغنى ئاغرىتۇر»

ناۋايى «سەۋىر»دىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى «ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق» ئەخلاق دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

ناۋايى «كەمتەرلىك» (تەۋەززۇ)نى تەكەببۇرلۇققا قارشى قويىدۇ. تەكەببۇرلۇقنى ھەم ئومۇمىي ئەخلاق، ھەم ئەمەل تۇتقانلار ئۈچۈن كەسپىي ئەخلاق سۈپىتىدە ئالاھىدە

تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەكەببۇرلۇقنى مۇنداق مەسخىرە قىلىدۇ:

«ئادەم ئۆلگان زېبى① زاھىردىن دېمەس،
كىمكى ئاندىن فەخر ئېتەر ئادەم ئەمەس»

ناۋايى «ھەيرە تۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەرلىرىدە سېخىلىق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ساداقەتلىك، راستچىللىق، ئىلىمپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، ساخاۋەتلىك قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. بېخىللىق، قاتتىق قوللۇق، بىۋاپالىق، تەكەببۇرلۇق، قۇۋلۇق، يالغانچىلىق، ھورۇنلۇق، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، جاھىللىق، ئاچكۆزلۈك، ھاراقكەشلىك قاتارلىق سەلبىي ئىللەتلەرنى قارىلايدۇ. ئۇ مەرتلىكنى:

«مەرت كىشىدۇر خىزمەتىدىن قايتارمىغان باش،
ئەگەر ئاسماندىن باشگە ياغسا ھەم تاش.
ئەگەر ئۆل تاشلار بىلەن باشىڭ يارىلغاي،
سائادەت بەلگىسى ئول يارا ئورنى قالغاي»

دەپ يازسا، توغرىلىق — سەمىمىيلىك ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق ئادەم پەلەك مەككارلىق قىلسىمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ دەپ مۇنداق يازىدۇ:

«ھەر كىشىكىم تۈزلۈك ئېرۇر شىۋەسى،
كەجرەۋ② ئېسە پەرخ، نە ئەندىشەسى»

ئەلشىر ناۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇلئەۋزان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ سەنئەت ئېستېتىكىسى قاراشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

ناۋايى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئېستېتىك مەسىلە مەنە (مەزمۇن) ۋە شەكىل بىرلىكىدىن ئىبارەت بولغان. ناۋايى مەنىسىز، غايىسىز، مەنتىقسىز شېئىرىيەتنى قاتتىق سۆكۈش بىلەن بىللە شەكىل مۇكەممەللىكىنى سەنئەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم شەرتى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ پىكىرنى «ھەيرە تۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«نە زېمىنىدە ھەم ئەسىل ئاگا مەنە تۇرۇر،
بولسۇن ئانىڭ سۇرەتى③ ھەرنە تۇرۇر»

ئەلشىر ناۋايى ئەدىب خاراكتېرىدىكى ياخشى پەزىلەت ياكى يامان ئىللەتلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا بولىدىغان تەسىرىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرمىغان. ناۋايى ئەسەردە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغاندىمۇ دەۋر تەلىپى ۋە دەۋر سەۋىيىسى بولۇشى لازىملىقىنى، يېڭىلىق يارىتىش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ «خەمسە» داستانلىرى نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلىۋىگە نىسبەتەن بۇ جەھەتتىكى ئۈلگە ئىدى. ئۇ مەۋلانە نەركىس، ئەنىسى،

① زېب — زىننەت، پەداز، تاشقى كۆرۈنۈش؛ ② كەجرەۋ — مەككار، ئەگرى ماڭىدىغان. ③ سۈرەت — شەكىل.

خوجا مۇسا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇغرىلىقلىرىنى شەپقەتسىز تەنقىدلەپ ئۆلگە تىكلىدى.

ئەلشىر ناۋايى بەدىئىي ئىجادىيەت سۈپەتلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ھالقىسى سەنئەتچىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن تەربىيىلىنىشى ۋە شۇغۇللىنىشىنى، نۇقۇل شائىرلىقتىن مۇنەۋۋەر شائىر چىقمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ناۋايى مۇزىكا سەنئىتى، سازەندە ۋە ناخشىچىلارغا يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭچە، مۇزىكا خۇش ناۋاسىدىن كۆڭۈل قۇۋۋەت تاپىدۇ، ناخشىنىڭ خۇش ئاۋازىدىن روھ بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئەي ناۋايى، تاپتى مۇترەپ① سازىدىن كۆڭلۈم ناۋا،
گو ئىيا جان رىشتەسىگە تەگدى مىز رابى② ئانىڭ»

ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئۇنىڭ تراگېدىيە ۋە ساتىرە قاراشلىرى كۆرىنەرلىك ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭ «خەمسە» داستانى ۋە ھەجۋىي شېئىر - ئىبارىلىرى مەخسۇس تەتقىقات تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم مەنبەدىن ئىبارەت.

ئەلشىر ناۋايى «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇخرەدات» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن خەلىل ئىبىن ئەھمەت، شەمس قەيس، خوجا نەسىر تۇسى، ئاتاۋۇللا ھۈسەينى ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئارۇز قاراشلىرىنى مۇھاكىمە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىدىن بېرىقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ، «تۈركىي ئارۇز» سەمىرلىرى بىلەن ئومۇمى «ئارۇز» سىستېمىسىنى بېيىتتى. ناۋايىدىن كېيىن «تۈركىي ئارۇز» مەسىلىسىدە زوھرىددىن مۇھەممەد بابىر «ئارۇز رىسالە» يازدى.

## 6 - ناۋايى مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى

جاھان شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر — تۈركىي بەدىئىي نۇتۇقىنىڭ مىسلىسىز ماھىر ئۇستىسى ئەلشىر ناۋايى ۋاپات بولغاندا، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ ئەسلەش ۋە مەرسىيە ئىپادىلەش يۈزىسىدىن يازغان «رىسالە»سىدە، ئەلشىر ناۋايى «نەزىم دۇنياسىنىڭ تۈۋتتىن بىرىدىكى قەھرىمان ئىدى. ئۇنى مۇشۇ (شېئىرىيەت) مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىپقىران دېيىش مۇمكىن» دەپ يازغانىدى.

ئەلشىر ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىن شېئىرىيىتىمىز ۋە پۈتكۈل تەپەككۇر ئەدەبىياتىمىزدا يەنە بىر يۇكسەك ئېگىزلىك تىكلىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگ

① مۇترەپ — سازەندە؛ ② مىزاب — ناخۇن.

رىكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىدىن (ھەتتا شەرق شېئىرىيىتى بويىچە ھەم) مىقدار جەھەتتە كۆپ، تېما جەھەتتە رەڭگا ـ رەڭ، بەدىئىي نەپىسلىك ۋە جەزبى ئىقتى-دار جەھەتتە ئۈستۈنلىكى بىلەن «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىپقىران» بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنا ـ پىكىرنىڭ ئەقلى تەپەككۇر ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەت قىممىتى جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى جەھەتتىنمۇ «شېئىرىيەت مەم-لىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن» پەيلاسوپ «ساھىپقىران» بولدى.

ئەلشىر ناۋايى گەرچە تارىخىي نادانلىق ۋە نادانلىق تارىخىنىڭ كۆڭۈلسىز يالدامىسى بىلەن خۇددى ئىبىن سىناغا تاجىلمۇلۇك ئەبۇ نەسىر ئىبىن بەھرام، ئۇلۇغبېككە خوجا ئەھرار كۆشەندە بولغىنىدەك، مەجدىدىن قاتارلىقلارنىڭ ھەسەتخورلۇق پىتنىلىرىدىن خالى بو-لالمىسىمۇ، ئىلىم دۈشمەنلىرىنىڭ مەڭگۈ لەنەت تاختىسىغا مىقلايدىغان ئۆلمەس ئەسەر-لىرى بىلەن مەدەنىيەت ئاسمىنىدا پارلاپ ئۆز زامانىسىدىلا جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ شېئىرلىرى ۋە «رىسالە» سىدە، دۆلەت شاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇششۇئارا» سىدا، بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» سىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ئەلشىر ناۋايى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەپەككۇرى بىر قانچە ئەسىردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى، شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆلچەملىك كى-تابى، شېئىرى ھەۋەسكارلىقىنىڭ يالقۇنلۇق قويۇن دەپتىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تېكىستلىرىگە بولغان سالماقلىق تەسىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئەلشىر ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە كۆرۈنەرلىك تەسىرى مەخ-سۇس بىر تېما بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغىمۇ تۇتۇشىدى-غانلىقى تەبىئىي.

ئەلشىر ناۋايى تارىخىي ئەنئەنىلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقانلىقى، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر، تىل ۋە مەجازى جەھەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى تۈپەيلى يۇقىرى مەنىۋى قىممەتتى-كى باي مىراسلار قالدۇرالىدى.

ئەلشىر ناۋايى ئەسەرلىرىدە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان ئىدىيىلىرىنىڭ مەنىۋى چەكلىمىسى تۈپەيلى ئەلشىر ناۋايى دۇنيا قارىشى تولىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلام، كۆپ قىرلىق، زىددىيەتچان بولدى. ئۇ ئومۇمەن ئالەم يارىلىشى مەسىلىسىدە ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم تۇرالغۇسىدىن ئايرىلالمىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە نەقشىۋەندىچىلىك سوپىزمى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. سىياسىي ـ ئىجتىمائىي غايە مەسىلىلىرىدە ئۇتوپىزم ـ ئۇمىتۋار ئىدېئالىزم-لىق ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىدى.

شۇ نەرسە روشەنكى، ئەلشىر ناۋايى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە ئاساس بولغان نەرسە ئىنسان ـ ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ھاكىم مۇتلەقلىقىنىڭ نېگىزى ـ ئىنساننى خارلاش، ئاياغ ئاستى قىلىش پىرىنسىپىغا قارىمۇ ـ قارشى ھالدا ناۋايى ئىنساننى، ئۇنىڭ ئېقىل ـ پاراستىنى ئېچىشنى، ئۇنىڭ ئىقتىدارى، گۈزەللىكى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى كۈيلەشنى، دۇنيانى ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن ـ ئازادە گۈلىستانىغا ئايلاندۇرۇشنى كۈيلىدى. مانا بۇ ئەلشىر ناۋايىنى ئىنسانىيەت قەلبىگە مەڭگۈ خاتىرە قىلىپ تىكلىگەن ئاساس.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


— «ئەلشىر ناۋايى ئەسەرلىرى» 15- توم، تاشكەنت 1963 - 1968 - يىل نەشرى.
— «ناۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى» تاشكەنت 1972- يىل نەشرى.
— ئىززەت سولتان: «ناۋايىنىڭ قەلب دەپتىرى»، تاشكەنت 1969- يىل نەشرى.
— ۋاھىد زاھىدوۋ قاتارلىقلار: «ناۋايى ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» تاشكەنت 1968- يىل نەشوى.
— ش. ش. ئابدۇللايوۋ قاتارلىقلار: «ناۋايىغا ئارمۇغان» تاشكەنت 1968- يىل نەشرى.
— نەتەن موراد موللايوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» 1965 - يىل تاشكەنت نەشرى.
— ئا. قەسىوۋ قاتارلىقلار: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» 1978- يىل تاشكەنت نەشرى.


## ئەلشىر ناۋايىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

△ ئەيىپسىز كىشىنى تىل تىغى بىلەن رەنجىتىش، ساق كىشىنى نەشتەر ئۇرۇپ جاراھەتلەش بىلەن تەڭدۇر.

△ بىراۋغا زەرەر يەتكۈزگەن كىشى، ئۇ كىشىدىن تېخىمۇ قاتتىقراق زەرەر كۆرىدۇ.

△ ھىممەتلىك كىشىلەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

△ مېھنەت قىلىپ تېپىلغان بىر تەڭگە، بىراۋنىڭ بىكارغا بەرگەن خەزىنىسىدىن ياخشى.

△ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياخشى نام قالدۇرۇش ئۇلۇغ سائادەتتۇر.

△ ئەسلىك كىشى ئويلىماي ئىش قىلمايدۇ.

△ ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ، ھەر ۋاقىت ھوشيار بول.

△ ھەر بىر قەدىمىڭنى بىلىپ باساڭ، ئەلەم ھەم كورمەيسەن، ھېچ قاچان ئۆكۈنمەيسەن.

△ چۈشىنىلەر ھەر قاچان يارا ۋە جاراھەتلەرگە تويلانغىنىدەك، قارانىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەر خىل ئەندىشىلەردىن خالى بولمايدۇ.

△ سۆزلىگۈچىگە باقما، سۆزىگە باق.

△ ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى مەرھەمەت بىلەن، خەلقنى ئادىللىق بىلەن خۇشال قىل.

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر

ئابدۇرۇسۇل قادىرى

بىر مىللەتنىڭ ماقال-تەمسىللىرى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك كەچۈر-مىشلىرى ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىدۇر. بۇ جەۋھەرلەر تەركىبىدە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە ئائىت ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئائىت بولغان بىلىم ۋە قىممەتلىك پىكىرلەر بار، ھەتتا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مىڭلارچە يىللىق ئەمەلىيەت ۋە تەرەققىياتنىڭ تاۋلىنىشى ۋە تولۇقلىنىشى بىلەن مۇكەممەللىشىپ قانۇنىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى شۇ ساھەدىكى نادىر ئۆلگىلەردىندۇر.

ماقال-تەمسىللەرنى ئىستېمال نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ، تىل ماتېرىياللىرى تەركىبىدىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرلىك بولۇپ، ئوي-پىكىر ئىپادىلەشنىڭ ئىخچام ۋاستىسى.

مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى تىلدىن ئىبارەت ۋاستىگە تايىنىدۇ. كىشى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يۇكسەلدۈرۈپ، ئۆز ئىستىداتىنى كامال تاپقۇزماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال تىلنى پىششىق بىلىشى، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلى فرازېئولوگىيىسىنى پىششىق بىلىشى ۋە ئۇنى قوللىنىش ماھىرى بولۇشى كېرەك. دېمەك ماقال-تەمسىللەردىكى ھەرخىل ئىلمىيلىكلەرنى ئۆگىنىۋېلىش-كىشى ئىستىداتىغا ئىستىدات قوشۇش رولىنى ئوينايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ماقال-تەمسىل-لەردىكى ئىلمىي پىكىرلەرنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىش دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ بىر تەقەززادۇر. چۈنكى، ماقال-تەمسىللەر بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن يەنە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىنى چۈشۈنىۋېلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتە ياردەمچى ۋاستە بولۇپمۇ ئىشلەپ بېرىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى پىكىر ئاڭلاتقان ماقال-تەمسىللەر خەلق ياراتقان ئەمەلىيەت پەلسەپىسىدىن ئارىيەلەردۇر.

60-يىللاردا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ياڭشيەنجېڭ ئەپەندى «لېنىنىن ناھىيە تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلىرىدىن، ليۇدالىن (1042 — 1090)، شېلاڭزو (1050 — 1103) قاتار-لىقلارنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق ۋە بىرلىك ھەققىدىكى بىر قىسىم شەرھلىرىنى كۆرۈپ، دىئالېكتىكىلىق بىرلىكنى، مەلۇم ئەھۋالدا «ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى»دەپ ئوتتۇ-

رىغا قويۇشقىمۇ بولىدىغانلىقىنى ۋە مۇنداق قويۇشنىڭمۇ شەرھىگە مۇكەممەللىك ئاتا
قىلالايدىغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتا، مەملىكىتىمىز خەلقى ياراتقان پەلسەپە بىلىملىرىدىنمۇ
پايدىلىنىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كېيىنكى تەتقىقاتلاردا بۇ كۆز قاراش-
نىڭ دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، بەلكى، مۇشۇنداق قويۇلۇش
مۇئەييەن شارائىتتا شەيئىلەر تەرەققىيات ئەھۋالىنى تېخىمۇ دەل قىلىپ چۈشەندۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى-
دىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرمۇ خەلققە بىر قەدەر يېقىن شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بولۇپ، پەلسەپە نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدە
ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدىغان، شۇنىڭدەك يەڭگىل ۋە ساددا قىلىپ ئوت-
تۇرىغا قويۇلغان ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىكىلىق پىكىرلەر بولۇپ، مەزمۇنلار ئۆزگىچە
شەكىللەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ۋاھالەنكى، ئۇ يەردىكى پىكىرلەرنىڭ گايىبىرلىرى
دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىنىڭ بەزى نۇقتىلىرى بىلەن مەزمۇنداش ياكى
پاراللېل كېلىدۇ.

پەلسەپىۋى پىكىر ياكى ئىدىيە، ئەلۋەتتە سىستېمىلاشقان پەلسەپە ئىلمى ئەمەس.
لېكىن ئۇ پەلسەپە مەزمۇنلىرىنى بېيىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-
تەمسىللىرىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرخەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى
بىلەن ھەمدە ئۇنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باغلىنىشلىق. بۇ مەسىلە ئاشۇ
مىللەت ماقال-تەمسىللىرىدە بىر قىسىم مۇرەككەپلىكلەرنى ۋە ئۆزگىچىلىكلەرنى شەكىل
تۈزۈلمىسىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن. گەرچە ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ مۇتلەق
كۆپ سانىدىكىسى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىكىلىق تۈزۈلۈشكە ئىگە بولسىمۇ، بىر قىسىم
ماقال-تەمسىللەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەر ۋەجىدىن ماتېرىيالىستىك ياكى دىئالېكتى-
كىلىق پىكىرلەرنى دىنى ئەقىدە بىلەن ياكى ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزملىق تۈسلەر بىلەن ئوتتۇرىغا
قويۇدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئەينى تارىخىي شارائىت بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

بىر مىللەتنىڭ فىرازېئولوگىيىسىنى تۈپلەنگەن بۈيۈك قامۇس دېيىشكە بولىدۇ.
چۈنكى، ماقال-تەمسىللەر ئاڭلاتقان پىكىرلەر گەرچە ھۆكۈم ياكى خۇلاسە شەكلىدىلا
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى مەلۇم نىسبەتتە سەپكە تۇرغۇزسا، بىر
قەدەر مۇكەممەلرەك نەزەرىيە تۈزۈلمىسىگە ئېرىشىشكىمۇ مۇمكىن بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق
ماقال-تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ماركسىزملىق پەلسەپە تۈزۈلمىسى بويىچە
ماتېرىيالىزملىق پىكىرلەر، دىئالېكتىكىلىق پىكىرلەر، بىلىش نەزەرىيىسىگە ئائىت پىكىرلەر
ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم تەلىماتىغا ئائىت پىكىرلەردىن ئىبارەت تۈرلەر بويىچە ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرىدىكى پەلسەپىۋى
پىكىرلەرنى تەتقىق قىلىش-ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپە سىستېمىسىنى تەتقىق

قىلمىشتا تولۇقلىما بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئوي-پىكىرلىرىدە، گەپ-سۆزلىرىدە ماددا ۋە ئاڭ، ماددا بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت ساددا قاراشلار مەۋجۇت. ماقال-تەمسىللەردىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر مۇشۇ ساددا قاراشلارنىڭ ئىخچام، پىشقان، سىستېمىلاشقان ھالدا ئەكس ئېتىشىدۇر. بىرقىسىم ماقال-تەمسىللەر دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپ كىشىلەرنى رېئاللىققا قارىتا توغرا پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

مەلۇمكى قانۇنىيەتنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ چۈشەنچە ۋە ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ھۆرمەت قىلمىغان كىشىلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ بەزىلىرىدە بۇ قاراش خېلى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بۇنى مۇنداق بىر قانچە ماقال تەمسىلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«قاغا، بالام ئاپپاق، كىرپە بالام يۇمشاق»

قاغا ياكى كىرپە بالىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەممىگە ئايان. بىراق بالا مېھرى تۈپەيلىدىن بۇ مەسىلىدە قاغا بىلەن كىرپىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئىنكاس قىلىنمىغان. شۇ يەردىكى چىنلىقنىڭ ئورنىنى سوبيېكتىپ ئارزۇ ياكى خام خىياللار ئىگىلىگەن. ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە بۇنى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان چۈشەنچىلەرنى سوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق دەيدۇ. روشەنكى كۆڭۈلدە نېمە بولسا، رېئاللىقتىمۇ شۇنداق نەرسە مەۋجۇت بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق، ئەمما مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھاياتتا داۋلى جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋالغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنداق ئەھۋاللار دۇنيانى خاتا ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇسۇلدىمۇ خاتالىشىشنىڭ ئاساسى. چۈنكى سوبيېكتىپچىلىق مەلۇم نۇقتىدىن كىشىنىڭ سايىسى بىلەن گەۋدىسى ئۆزئارا تەسەللىي بېرىشكەندەكلا ئىش. سوبيېكتىپچىلىق مەيلى قانداق رەڭ ياكى شەكىل بىلەن مەيدانغا چىققان بولسۇن، ئۇ بەرىبىر كىشىنى نابۇت قىلىدۇ. بۇ تەمسىل كىشىلەرنى دۇنيانى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش لازىملىقىنى، پىكىر-ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىشى لازىملىقىنى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە سوبيېكتىپ ئارزۇنى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

«تەقۋادا ھالال يوق، پەتىۋادا ھارام» ماقالىدا ئەينەن بىر نەرسە ئىككى خىل سوبيېكتىپ ئۆلچەمدە ئۆز ئارا تۈپتىن زىت بولغان ئىككى خىل يەكۈنگە ئېرىشكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. سوبيېكتىپ خىيالى پىكىرلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ساقتىلىق بىلەن ئىنكاس قىلىدىغانلىقى مەنتىقىلىق يول بىلەن پاش قىلىنغان. ئەلبەتتە بىرەر نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھارام بولۇپ ئايرىلىشى ھەرگىزمۇ تەقۋادارلىق (پانىيلىقنى تەكرى يولىغا ئاتاش) بىلەن ياكى پەتىۋاچىلىق (شەرىئەت بىلەن پرىنسىپلاشتۇرۇش) بىلەن بىر تە-

رەپ بولماستىن بەلكى موئەييەن نەرسىنىڭ ئەينى شارائىتتىكى ئەھۋالى ۋە خاراكتېرلىرى بىلەن ئايرىلىدۇ. مۇشۇنداق ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سوبيېكتىپ ئارزۇ ياكى تەسەۋۋۇرلارنى خىلمۇ خىل يوللار بىلەن سىلىقلاشتۇرۇپ، مەيدانغا چىقىرىش بىلەن قىلىنغان ساختىپەزلىكلەرنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. تۇرمۇشتا بىر كىشىنىڭ ئارزۇسى بويىچىلا «ئاق» دەپ قويسا «ئاق» بولۇپ، «قارا» دەپ قويسا قارا بولۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، مەلۇم ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى شۇ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. يۇقىرىقى ماقال بۇ خىل ماتېرىيالىزملىق قائىدىگە خىلاپ ھادىسىلەرنى خېلى كۈچلۈك پاش قىلىدۇ.

«ئۆزەمنىڭ راس دېگەن كۆپنى كۆرمەيدۇ» - ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزەمنىڭلا راس دېيىش تىپىك سوبيېكتىپچىلىق. ئىجتىمائىي ئورنى، تەسىرى ۋە باشقا ئىمتىيازلارغا تايىنىپ «ئۆزەمنىڭ راست» دېگۈچىلەر ياكى بىشەملىك ۋە تەنتەكلىك بىلەن ئۆزەمنىڭ راست دەپ ئىشنى ئۆزىگە زىيان سېلىشتىن باشلاپ باشقىلارغا زىيان سېلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلار خېلى تېپىلىدۇ، «ئۆزەمنىڭلا راست» دېيىش مەيلى قانداق شەكىل، قانداق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسۇن بۇنداق پوزىتسىيە شۇنداق دېگۈچىنى ماقالدا قەيت قىلىنغاندەك بارغانسېرى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى ئوبيېكتىپ رېئاللىق مۇرەككەپ بولۇپ ئۆزگۈرۈش ھەم تەرەققىيات ھالىتىدە بولىدۇ. رېئاللىقنى مۇرەككەپلىك جەھەتتىن ئالساق، شەيئىلەرنىڭ مەلۇم نۇقتىدىن كۆزىتىلىشى ئەگەر كۆزەتكۈچىگە مەلۇم بىر خىل مەلۇمات بەرگەن بولسا، يەنە بىر نۇقتىدىن كۆزىتىش يەنە بىر خىل مەلۇمات بېرىدۇ. بەزى ھاللاردا ساقتا ھادىسىلەرمۇ بەئەينى ماھىيەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەمدى تەرەققىيات ۋە ئۆزگۈرۈشچانلىق نۇقتىدىن ئالساق، بارلىق نەرسە توختاۋسىز ھەرىكەتتە، تەرەققىياتتا بولغان بولىدۇ. دېمەك يېڭى ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەتتا بەزى ھاللاردا يېڭىلا ئېرىشكەن ئىشەنچلىك ئىلمىي خۇلاسىلارمۇ يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئەھۋاللارنىڭ ئەھدىدىن تولۇق چىقالماي قالىدۇ. ھالبۇكى ئىگىلىگەن بىلىم ۋە ۋاستىلىق تەجرىبىلەر توختاۋسىز تەرەققىياتتىكى رېئاللىققا نىسبەتەن «تەييار مەھسۇلات» تىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. تەرەققىيات ئەسلىدە ۋارىسلىق بىلەن ئىجادىيلىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىدە بولغاچقا بىلىش ساھەسىدىكى «تەييار مەھسۇلات» تەرەققىيات ئۈچۈن ھەر قاچان مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەر كىم ھەر ۋاقىت ھەر قانداق شارائىتتا يېڭى تەرەققىياتتىكى يېڭى ئەھۋاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ بېرىشقا، دائىم باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۈلگە ئېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى بىلىش ۋە ئىشلەش دائىرىلىرىدىكى ئۆزەمچىلىكتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپچىلىق كېسىلىدىن ھەزەر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

«كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە». بۇ ماقال ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بىر يامان ئىجتىمائىي زەئىپلىكنى پاش قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مەلۇمكى ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ھەقىقەتنى بىلىشتىن قاچماسلىقى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، بەلگىلىك نەتىجىنى يارىتالايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى ھەر دائىم سەمىمىي بولۇشقا، ئۆز-ئۆزىگە نىسبەتەن ئوبيېكتىپلىق ۋە كونكېرت باھا بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. چۈنكى، بارلىق پائالىيەتلەرگە پايدىسىز ياكى توسالغۇ بولىدىغان ئىللەتلەرنى قىلچە يوشۇرماستىن مەردانىلىق بىلەن پاش قىلىپ ئۇنى تۈزىتىشكە كىرىشكەندىلا ئادەم ئىشتا نەتىجە قازىنىدۇ.

«كىشىلەر ھاڭ باقمايدۇ يولۇڭغا باقىدۇ»، «ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن» يۇقىرىقى ئىككى ماقال جامائەت تەرىپىدىن كېلىپ چىققان بىرەر مەسىلە ياكى بىرەر كىشى ئۈستىدىكى يەكۈنلەرنىڭ نىسبەتەن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقى ماقاللاردىن ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن مۇستەسنا بولغان، جۈملىدىن ئوبيېكتىپ رېئاللىققا نامۇناسىپ بولغان سۇبيېكتىپ ئارزۇ-ئارمان ۋە تەسەۋۋۇرلارغا تايىنىپلا ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى چۈشىنىش ۋە توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش خام خىيال ياكى تەلۋىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇنىڭدەك مەلۇم دائىرىلەردىكى سۇبيېكتىپلىق ئىللەتلەردىن ساقلىنىش ئاساسىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلار سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ قانۇنىيەتنى تونۇمايدىغان، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى چۈشۈنۈشنى خالىمايدىغان ئىدىيىۋى خاتالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەسلىدە ئوبيېكتىپ دۇنيا خۇددى بىر ئىستىداتلىق شائىرنىڭ:

«چۈجىنى كۆرمەك ئۈچۈن تاقەت قىلالماستىن ئەگەر،
باستۇرۇپ قويغان تۇخۇمدىن بىر تۆشۈك ئاچساڭ خەتەر.
كائىناتتىن تا نەپەس سۇرمەككە ئۆز قانۇنى بار،
مىڭ سۆيسەڭمۇ يۈزىدىن بىر خىلدا ئاچمايدۇ قەمەر.

دەپ يازغىنىدەك، جىمىكى مەۋجۇداتلىق ئۆز قانۇنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بولىدۇ. سۇبيېكتىپلىقتىن ساقلىنىپ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆگەنگەندىلا ئوبيېكتىپ دۇنيادا ھۆكۈم سۈرگەن قانۇنلار كىشىلەر پاراستىدە لال بولۇشقا باشلايدۇ. قانۇنىيەت-شەيئىلەر تەرەققىياتىغا سىڭگەن ماھىيەتلىك باغلىنىشلار، ھەممىدىن ئاشۇ باغلىنىشلار ئاپىرىدە قىلىۋاتقان مۇقەررەر يۈزلىنىشلەردىن ئىبارەت.

ئىنسان ئۆزىنىڭ مەلۇم ئىمكانىيەت دائىرىسىدىلا دۇنيانى بىلەلەيدۇ ۋە ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ بارىدۇ. ئاۋال

ئوبيېكتىپ دۇنيانى چىنلىق ھالىتىدە بىلىش، ئەنە شۇ شەرت ئاستىدا، ئوبيېكتىغا مۇناسىپ بولغان پوزىتسىيە ۋە مېتود قوللىنىش يولىغا يېتىشنىڭ تۈنجى قەدىمى، يۇقىرىدىكى بىر قىسىم ماقالىلاردا قەيت قىلىنغان ھەرخىل سوبيېكتىپچىلىق ئىللەتلىرىدىن ھەقىقىي تۈردە ساقلىنىشتۇر.

ماقال - تەمسىللەر ئىلمىيلىكى بولغان ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر بولۇپ، تەبىئەت قانۇنلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ھەم ئۇلارغا باغلىنىدۇ. ئىجتىمائىي قانۇنلار ئىنسانلار پائالىيەتلىرى بىلەن ھەم شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدە بولىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي قانۇنلار يەقەت ماتېرىيىلىك تەركىبلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، يەنە ئىنساننىڭ روھى (مەنىۋى) ئامىللار تەركىبلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئەت قانۇنلىرى بىلەن ئىجتىمائىي قانۇنلاردىكى ئورتاقلىق يەنىلا شۇ مۇئەييەن شەيئى ۋۇجۇدىنىڭ زۆرۈر باغلىنىشلىرى بىلەن مۇقەررەر يۈزلىنىشلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىدىن بىشارەت بېرىدىغان دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنى ئوبيېكتىپ دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەشكە تەۋسىيە قىلىدىغان ماقال - تەمسىللەر بولسا، بىر قىسىم قانۇنىي باغلىنىشلىق خاراكتېرلارنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى شۇ يەردىكى قانۇنىي باغلىنىشلارغا مۇناسىپ ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىش مەقسىدىگە يېتىش مۇمكىنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. دەرۋەقە قانۇنىيەتنى بىلىش ئوبيېكتىپ شەيئىگە ئىلمىي ئاساستا مۇئامىلە قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا چوڭقۇرلاپ ۋە تولۇقلىنىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق مەزمۇندىكى ماقالىلار ئاساسەن تەبىئەت ۋە تۇرمۇشتىكى يارقىن ۋە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئوبرازلار بىلەن ئورتىغا قويىلىدۇ.

«قالاشنى بىلسە قارمۇ كۆيىدۇ» دېگەن ماقالىدىكى پىكىر شەكلى مۇبالىغىدەك كۆرۈنىدۇ. ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرلارمۇ، ئىلىم - پەندە مەلۇم مەسىلىنىڭ يېشىلىشىدە بەلگىلۈك تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ئادەملەر دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتە، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە مۇناسىپ ھالدا جارى قىلدۇرسا ۋە توغرا ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارسا، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن. بۇ ماقال مۇشۇ پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«تاغدەك ئىشنىڭمۇ تېرىقتەك تۈگۈنى بار» بەزى ھاللاردا كىچىك ئىشلاردىن چوڭ نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن، چۈنكى «بىر ھەقىقىي ئالىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ كۆزگە ئىلىنمايدىغان نەرسىلەر ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ» (دانىيېل گرانىن «ئاجايىپ ھايات» 179 - بەت) ئەنگلىيەلىك ۋاتنىڭ مەش ئۈستىدىكى چەينەكنىڭ ياپقۇچى تاراقلىشىدىن پارماشىنىسىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى كەشىپ قىلىشى، ھاشارەت شۇناس بارىس نىكولاي، شۋانىچنىڭ كېپىنەك قانىتىدىكى گۈللەرنى تەتقىق قىلىش

ئارقىلىق مەۋجۇداتلار مورفولوگىيىسىنى بايقىغانلىقى، ھەمدە ئەشۇ نەتىجىلىرى بىلەن فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا لېنىنگىرادنى بومباردىمان قىلىشتىن ساقلاپ قالغانلىقى يۇقىرىقى كۆز قاراشنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ يەردىكى تۈپكى مەسىلە تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى «ئادەتتە كىشىلەر ئانچە كۆزگە ئىلمايدىغان بىر كىچىك نەرسىلەر» دىكى قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بۈيۈك ئىشلار تەركىبىدىكى ئوبيېكتىلارنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئومۇملۇققا، ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقىدۇر. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە كىچىك ئاددىي ئىشلار ۋە نەرسىلەردىن بايقاش ۋە بىلىشلەر بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالىدۇ. خەنزۇ خەلقىدە: «قاسساپلىقتىنمۇ ئۇلىما چىقىدۇ» دەيدىغان ماقال بار. بۇ ماقالمۇ ئاددىي ۋە كىچىك ئىشلارنى ئىلمىيلىك ۋە ئىجتىھاتلىق بىلەن ئىگىلىسە زور نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىقى ماقالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە ئۆتۈش مەسىلىسىدۇر.

يۇقىرىقى بىر قانچە ماقال-تەمسىللەردىن مۇنداق قاراشقا ئىگە بولۇش مۇمكىن: دۇنيانى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدە، قانۇنىيەتنى بىلىش، قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ھەممىدە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ھالقىلىق مەسىلە. دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان كۈچلۈك ئىقتىدار ۋە مېتودولوگىيە تېخى يېتەرسىز، چۈنكى دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى مۇۋاپىق ۋە توغرا جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى پەقەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىشلەش جۈملىدىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسىلا ھەل قىلىنىپ، شۇنىڭ بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلىدىغان سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقتا پاسسىپلىق كۆرۈلسە، كىشىدە ئاسانلا تەغدىرچىلىك تۇيغۇسى ئەۋج ئالىدۇ. مەلۇمكى كىشىلەر قانۇنىيەتنى يارىتالمايدۇ، ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ، تەبىئەتتىكى ئوت ئەڭ دەسلەپ كىشىلەرگە ئاپەت كەلتۈرىدىغان، گايىدا «خالىسا» ئاز-تولا شەپقەت يەتكۈزىدىغان شەيئى ئىدى. كېيىن ئىنسانلار ئەمەلىيەت جەريانىدا، سوبيېكتىپ تىرىشچانلىقلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشلىرى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پەيدىن-پەي كىشىلەرنىڭ خالىغانچە پايدىلىنىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدە سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى ئوبيېكتىپ ئوبيېكتنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ ھالدا تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوبيېكتىپ بىلەن سوبيېكتىپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى ساقلاشنى تەۋسىيە قىلىدىغان پىكىرلەر خېلى كۆپ. «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن ماقالدا ئەنە شۇنداق پەلسەپىۋى

پىكىر ئورتىغا قويۇلغان. ئىنسان پائالىيىتىدە سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى تولۇق ۋە مۇناسىپ جارى قىلدۇرۇش كەم بولسا بولمايدىغان شەرت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن ھەمدە، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ بىر قىسىم تۈپكى مەسىلىلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«تەدبىرنىڭ قانداق بولسا تەقدىرنىڭ شۇنداق بولار» تەدبىر - سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ كونكرېت ۋە سىستېمىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر، تەدبىرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش بولماسلىقى مەلۇم جەھەتتە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر بىلەن، سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكتە بىر ئۇ گانىك گەۋدىگە ئايلىنىش - ئايلانماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقى ماقالىدا كىشىلىك ھايات ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بايقاش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتا سوبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى كۆرسىتىلگەن بولسا، بۇ ماقالىدا، تەدبىرنىڭ ھەرخىل ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن باغلىنىپ كېلىپ ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان «تەدبىرنىڭ قانداق بولۇشى» مەسىلىسى تەدبىرنىڭ ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىقلاشقان ۋە مۇۋاپىقلاشمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئەيىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا قوللىنىلغان تەدبىرلەر ھەر قاچان كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىشى لازىم، تەدبىر - قىزغىنلىق، ئىلمىيلىك زېرەكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا بىرەر ئىشقا قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ۋىجدانلىق كىشى ئۆزىدىكى قىزغىنلىقنى ئىلمىيلىك ۋە زېرەكلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سەگەك مىڭە ۋە ئاگاھلىق شارائىتنى ھازىرلاپ، ئىش ئېلىپ بارسا، مۇقەررەركى ئۇ ئىستىقبال يارىتالايدۇ.

«ئاتا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال» «ئاتىسى بولۇشقاقنىڭ ئوغلى ئۇرۇشقاق، ئانىسى بولۇشقاقنىڭ قىزى يىغلاڭغۇ» دېگەن ماقاللاردا ئائىلىدىكى دىئالېكتىكا چۈشەندۈرۈلىدۇ. يەنى بۇ ماقاللاردا ئائىلىۋى تۇرمۇش مۇھىتىدا، بالا تەربىيىسىدە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا باغلىنىش ۋە تەلىم قانۇنىيەتلىك ھالدا ئىخچام بايان قىلىنغان. مەلۇمكى تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەتلىرى تەربىيىلەنگۈچىلەر خاراكتېر ھەرىكەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئادەم بالىسىنىڭ خاراكتېر - مىجەز جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاتا - ئانىدىكى ۋە باشقا تەربىيىلىگۈچىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالىيجاناپلىققا گۈزەللىككە باغلىق، يۇقىرىدىكى ماقال مۇشۇ پەلسەپىۋى ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئالدىنقى قۇرلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ماقاللاردىن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىشى ئېڭىغا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدۇق. شۇنىڭدەك ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ئۆزگۈرۈپ تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى ئۆز قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلار ئەلۋەتتە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى ھۆرمەت

قىلىشنىڭ ۋە پائالىيەتلەردە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنىڭ ئاساسى. ئەمما، ئوبيېكتىپ دۇنيانى مۇكەممەلرەك چۈشىنىپ، پائالىيەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇلار تېخى يېتىشمەيدۇ. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆز جىسمىدىكى ۋە مۇھىتىدىكى خىلمۇ خىل باغلىنىشلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى شۇ سەۋەبتىن ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانىڭ ئومۇمىي باغلىنىشلىق ھالەتتە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىشى كېرەك. دۇنيانىڭ ئومۇمىي باغلىنىشلىقى ۋە تەرەققىيات ھالىتىنىڭ قانۇنىيەتنى - دىئالېكتىكا تەلىماتى ئۆگىتىدۇ. دىئالېكتىكا تەلىماتى بولسا، ماتېرىيالىزمغا ئوخشاش پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئايرىلماس ئورگانىك قىسمىدۇر. ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى دىئالېكتىكا بولسا ماتېرىيالىزم ئاساسىدا قۇرۇلغان، ماتېرىيالىزم قائىدىلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دىئالېكتىكادۇر. يەنى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ماركسىزملىق دىئالېكتىكا مۇكەممەللىككە ۋە ئۇزۇل - كېسىللىككە ئىگە ئۆتكۈر پەن.

بەزى ماقال تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ دۇنيانىڭ دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشلىرىنى بايقاش، ھېس قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشىدە، بەلگىلىك دەرىجىدە يېتەكلەش رولىنى ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن: «ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېپىش بولار كۆن بولماس» تەلىپىمىز بويىچە ياخشى ئاتنىڭ تېرىسىدىنمۇ ياخشى كۆن چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، چۈشەنچىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن ئارانلا ئارقانلىققا يارايدىغان قېپىش چىقىۋاتىدۇ. «ياخشى كۆن» بولسا، پەقەت پالاكەت ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، تولپاردەك ئارغىماقنىڭ تېرىسىمۇ ئىشلىتىش رولى جەھەتتە، سۆرەلمە ئۆكۈزنىڭ تېرىسىدىن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى توپ مەسىلە، «ياخشى ئات» نىڭ ياخشى بولۇشىنى تەمىن ئەتكۈچى تەرەپلەر ئەينى شارائىتتىكى ھەر قايسى ئامىللار بىلەن باغلىنىپ كېلىپلا ئاتنىڭ ياخشى خۇسۇسىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، ئەمدى شۇ شارائىتتىكى شۇنداق باغلىنىشلارنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن ئۇ يەردىكى خۇسۇسىيەتمۇ ئۆزگىرىپ ئۆز مەزمۇنىنى يوقىتىۋاتىدۇ.

«توغرا ئېيتقان تۇغقىنىغا يارىماپتۇ» توغرا ئېيتىش، ئومۇمەن ياخشى خىسلەت سەممىيلىكنىڭ ئىپادىسى. بۇ ماقال رېئال تۇرمۇشتىكى دىئالېكتىكىلىق مەسىلىلەرگە ئېتىبار بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ماقالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى ئەھۋالنى كۆرسىتىش بىلەن ئىپادىلەش مەسىلىلىرىدە بىر خىل دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئومۇمەن بۇ ماقالدا تۇرمۇشتىكى بىر ھەقىقەت بايقالغان، ھېس قىلىنغان. ماقالدىكى بۇ پىكىر ھەقىقىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت چىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن.

«كۈندۈزى گەپ قىلساڭ يان - يېنىڭغا باق، كەچتە گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» بۇ ماقال ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر تەقەززاسىدىن پەيدا بولغان، مەخپىيەت ھادىسىلىرى تەلىپىنى تەۋسىيە قىلىشتىن باشقا يەنە، گەپ - سۆزنىڭ كونكرېت شارائىتقا

باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. كىشىلەر كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا مۇشۇ ھەقىقەتكە ئېتىبار بېرىش لازىملىقىنى ئانچە ھېس قىلىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا بەزى ئادەملەر ئاممىۋى سورۇنلاردا كىملەرنىڭ ئاتا-ئانا بىلەن باللىق مۇناسىۋەتتە، يەنە كىملەرنىڭ ئاكا-ئۇكا، ئىگىچە-سىڭىللىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، گەپدانلىق ياكى قىزىقچىلىق قىلىپ ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزى يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئوبيېكتقا، شارائىتقا ۋە ئۇلارنىڭ باغلىنىشقا دىققەت قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسى. ماقال، دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشلارنىڭ، مۇئەييەن شەيئىنىڭ شارائىتتىكى باغلىنىشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئازنى بىلمىگەن كۆپنى ھېچ بىلمەس» «ئاز» بىلەن «كۆپ» قارىمۇ-قارشى، ئەمما ئۆزئارا باغلىنىشلىق ئىككى تەرەپ. «كۆپ»، «ئاز» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۆز نۆۋىتىدە «ئاز» يەنىلا «كۆپ» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، دۇنيادىكى سان-ساناقسىز «ئاز» لار «كۆپ» نى بەرپا قىلالايدۇ. بۇ مەسىلە چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدە يارقىنراق كۆرۈنۈشى مۇمكىن. مەسىلى، بىرچوڭ بىنا سانسىزلىغان كىچىك خىشلاردىن ئىبارەت «ئاز» لاردىن بەرپا بولغان. يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خىشتىن ئىبارەت كىچىك تەركىپتە بىنا بولۇشتىن ئىبارەت چوڭ مەزمۇن ساقلانغان.

«ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» بۇ ماقالدا قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر مۇئەييەن شارائىتتا بىر-بىرىنىڭ ئەكسىگە ئۆزگىرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقال، ئەلبەتتە ئون قېتىم كۈلگەندە بىر قېتىم يىغلاش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى كۆرسەتكەن ئەمەس. بەلكى كۈلكىنىڭ يادروسى بولغان شاتلىق تەركىپىدە يىغىنىڭ يادروسى بولغان بىئاراملىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى؛ ئۇلارنىڭ مەلۇم كونكرېت باغلىنىشلار ئارقىلىق ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، كۈلكە ئورنىغا يىغا چىقىرىپ قويىدىغانلىقتىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر چۈشەندۈرۈلگەن.

دېمەك ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى ئېسىل بايلىق. ئۇنىڭ ئېسىللىقى، خېلى بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەردە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىۋى پىكىرلارنىڭ ئىخچام، ئېنىق ئىپادىلەنگەنلىكىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىكى بەزى چۈشەنچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىدا. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنى-ئۇيغۇر پەلسەپە قاراش سىستېمىسىنىڭ بىر مۇھىم سىخمىسى دېيىش مۇمكىن.

# مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقى توغرىسىدا

ئۆمەر ئوسمان

هازىر خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەت ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا مىجەز بىلەن خاراكتېرنى پەرقلەندۈرمەيۋاتىدۇ ياكى پەرقلەندۈرۈشكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىلىش پائالىيەتلىرىدە بەزى قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقى توغرىسىدا قىسقىچە توختالماقچىمەن.

مىجەز① بىلەن خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت گەرچە زىچ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنى مۇتلەق ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى پسىخولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مىجەز نېرۋا تىپىغا باغلىنىشلىق تۇراقلىق پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۇ ھەرگىز كىشىلەر پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇددىئا - مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىش مەنبەئى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەربىيە شارائىتى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مىجەز تەركىبىگە ئۇلارنىڭ ئېغىر - بېسىقلىقى، تېتىكلىكى، ئىنچىكىلىكى، شوخلۇقى ۋە ئويچانلىقى قاتارلىقلار كىرسە، خاراكتېر تەركىبىگە ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، تىرىشچانلىقى، كەمتەرلىكى، باتۇرلۇقى، ھورۇنلۇقى، تەكەببۇرلۇقى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە قورقۇنچاقلىقى... قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلارنى مۇشۇنداق پەرقلەندۈرۈپ قاراش بىلەن بىرگە، مىجەز تىپى ھەرگىز پاسسىپ ياكى ئاكتىپ، ياخشى ياكى يامان دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلمايدۇ، ئەمما خاراكتېرنى بولسا ئاكتىپ ياكى پاسسىپ، ياخشى ياكى يامان دېگەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئەمەلىي تۇرمۇشلىرىمىزدا خىلمۇ خىل ياخشى - يامان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشاش نېرۋا تىپىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە، ئوخشاش بىر خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان نېرۋا تىپىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ

① مىجەز - پسىخولوگىيىدە «تېمپېرامېنت» دەپ ئاتىلىدۇ.

بىلىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئالساق، بەزى كىشىلەر تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بەرسە، يەنە بەزى كىشىلەر لام - جىم دېمەستىن ياردەم بېرىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى تەرىنى تۆرۈپ ياردەم بېرىشىمۇ مۇمكىن. بىزنىڭ كىشىلەر مىجەزىنى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ دېگەن تۈرلەرگە ئايرىماسلىقىمىزنىڭ يەنە بىر تۈپكى سەۋەبى، ھەرقانداق بىر خىل مىجەزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىك تەرەپلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، تېتىك مىجەزلىك كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى مول ۋە پائالىيەت سۈرئىتى چاققان بولۇشتىن تاشقىرى، يېڭى مۇھىتقىمۇ ئاسان ماسلىشالايدۇ. بىراق مۇنداق مىجەزلىك كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارى تۇراقلىق بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ نەرسىلەرگە قىزىقىشىدىمۇ ئاسان ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنچىكە مىجەزلىك كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى تۆۋەن ۋە ئاسان چارچاش ھېس قىلىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ھېسسىيات جەھەتتىن ئىنچىكە بولغاچقا، ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئۈستۈن بولغاچقا، باشقىلار پەرق قىلالمىغان ئىنچىكە ئىشلار ۋە ھادىسىلەرنى ئاسان پەرق قىلالايدۇ. بىراق مىجەز كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنىڭ ئۈستۈن - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى جەمئىيەتكە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئالىي خىسلەتلىك كىشىلەرگە ئايلانسا، يەنە بەزىلىرى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان، ھەتتا پەزىلەتلىرى يىرگىنىشلىك بولۇپ چىقىشىمۇ ۋە ياكى بەزىلىرى ئىلغار، بەزىلىرى قالاق بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. بەزىدە بولسا مىجەز تىپلىرى ئوخشاشمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزئارا ياردەملىشىپ ئۆگىنىپ بىرلىكتە ئالغا بېسىشى، ھەتتا يازغۇچى، شائىر، ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلاردىن بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئۈستۈن - تۆۋەن بولۇشى ياكى پەزىلىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى قاتارلىقلارنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ مىجەزىدىكى نۇقسان دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم.

بىز مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىجەزنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

مىجەز — ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئىندىۋىدۇئال تۈسكە كىرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پىسخىكىلىق پائالىيەتلەرنىڭ سۈرئىتى ۋە مۇقىملىقىغا، (ئىدرەكنىڭ سۈرئىتى ۋە دىققەتنىڭ مەركەزلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا)، كۈچلۈكلىكىگە (كەيپىياتنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا) ۋە مايىللىقىغا (بەزىلەر سىرتقى شەيئىلەرگە مايىل بولىدۇ، بەزىلەر ئىچكى قىسمىغا مايىل بولىدۇ) تەسىر كۆرسىتىدۇ. مانا بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر پىسخولوگىيىدە مىجەز ياكى تېمپېرامېنت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى

بولسا مىجەز ياكى تېمپېرامېنت تىپى دېيىلىدۇ.

مىجەزدىن ئىبارەت بۇ خىل پسىخىكىلىق ھادىسىنى ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنى بەدەن سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن كىشى مۇندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن يونانلىق سادىدا ماتېرىيالىزمچى دوختۇر ھىپپوكرات بولۇپ، ئۇ بەزىلەرنىڭ ئۇكاي ئاچچىقلىنىدىغان ۋە ھەرىكىتىنىڭ كەسكىن بولۇشىنى ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ ئارتۇقچە كۆپ بولۇشىدىن دەپ قاراپ، ئۇنى «سانگۇئىنىك مىجەز تىپى» دەپ ئاتىغان. بەزىلەرنىڭ قىزغىن ھەم پائالىيەتچان بولۇشىنى قاننىڭ ئارتۇقچە كۆپ بولۇشىدىن دەپ قاراپ، ئۇنى «خالېرىك مىجەز تىپى» دەپ ئاتىغان. بەزىلەرنىڭ سالماق ھەم ھېسسىياتى بىلىنمەس بولۇشىنى بەلغەمنىڭ كۆپ بولۇشىدىن دەپ قاراپ، ئۇنى «مېلانخولىك مىجەز تىپى» دەپ ئاتىغان. يەنە بەزىلەرنىڭ نېرۋىسى ئارتۇقچە سەزگۈر، لېكىن ئاسان ئىچى پۇشىدىغان بولۇشىنى قارا ئۆت سۇيۇقلۇقىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن دەپ قاراپ، ئۇنى «فىلېگماتىك مىجەز تىپى» دەپ ئاتىغان. كىشىلەر مىجەزلىرىنى مۇنداق تۆرل رگە ئايرىش گەرچە ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى ئېچىپ بەرگەن ئىلمىي قانۇنىيەتلەرگە ئانچە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ يەنىلا تاكى ھازىرغىچە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. شۇڭا بىز ئەمەلىي پائالىيەتلەردە ئۇنىڭغىمۇ مەلۇم ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئېيتايلۇق:

سانگۇئىنىك مىجەز تىپىدىكە كۈچ-قۇۋۋىتى تولۇق، ھېسسىياتى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرى كۈچلۈك، تېز ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى قىيىن بولغان كىشىلەر كىرىدۇ. مۇنداق كىشىلەردە باتۇرلۇق، خۇشخۇيلۇق ۋە ئالغا ئىنتىلىش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئاسان شەكىللىنىدۇ. لېكىن ئۇلاردا بىپەرۋالىق ھەم قوپاللىق قاتارلىق كەمچىلىكلەرمۇ ئاسان يېتىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق كىشىلەرگە قارىتا ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ تېرىكتۈرمەسلىك، ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك.

خالېرىك مىجەز تىپىدە: شوخ، ھەرىكەتچان، ھېسسىياتى تېز قوزغىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋە ھەرىكىتى چاققان كىشىلەر كىرىدۇ. مۇنداق كىشىلەردە كۆيۈمچان تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان چېقىشقاقلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر ئاسان يېتىلىدۇ. لېكىن ئۇلاردا يېنىكلىك ۋە ئەستايىدىل بولماسلىقتەك كامچىلىقلارمۇ ئاسان يېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن پائالىيەت پۇرسىتى ياكى ۋەزىپىلەرنى كۆپرەك بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپرەك تەربىيىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردىن پۇختا، ئىخلاسمەن بولۇشنى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىنى يېتىلدۈرۈشنى ھەمدە ھورۇنلۇق ۋە شاختىن-شاخقا قونۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىش لازىم.

مېلانخولىك مىجەز تىپىدە: تىنچ ۋە جىم يۈرۈيدىغان، ھېسسىياتى ئاستا قوزغىلىپ

ئۇزاققا سوزۇلىدىغان، بىراق ھېسسىياتى ئاسانلىقچە ئاشكارا ئىپادىلەنمەيدىغان، ھەرىكىتى ئاستا ۋە سۇسراق كىشىلەر كىرىدۇ. مۇنداق كىشىلەردە ئېغىر-بېسىقلىق، قەتئىيلىك ۋە ئەمەلىي ئىشلەش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئاسان يېتىلىدۇ. بىراق ئۇلار تەربىيىلىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىسە سوغۇق، تەرسا ۋە سۈرەلمە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرگە قارىتا تېخىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلىنىشىغا ۋە ئىنكاس قىلىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بېرىش لازىم.

فلېگماتىك مىجەز تىپىگە: سەزگۈرلۈكى ئاجىز، تەسىراتى مول بولسىمۇ ئىچىدىن چىقارمايدىغان، ھەرىكىتى ئاستا ۋە كۈچسىز كىشىلەر كىرىدۇ. مۇنداق كىشىلەردە كۆڭۈل قويۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش ۋە خىيال قىلىش قابىلىيىتى زور بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەر ئاسان يېتىلىدۇ لېكىن ئۇلاردا گۇمانخورلۇق، توخۇ يۈرەكلىك ۋە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك قاتارلىق كەمچىلىكلەرمۇ ئاسان يېتىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئاشكارا سورۇنلاردا ئەيىبلىمەسلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا بولغان تەلەپنى مۇۋاپىق تەكشەپ، ئۇلارنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

كىشىلەر مىجەزىنى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدىكى ئىپادىلىرىگە ئاساسەن ئېغىر (بېپەرۋا)، جاھىل (زەھەر)، تېتىك (خۇشكۆڭۈل) ۋە ئىنچىكە (مۇڭلۇق) دىن ئىبارەت تۆت تىپكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئېغىر مىجەزلىك كىشىلەر تىنچ، مەقسەت ۋە كەيپىياتى تۇراقلىق بولىدۇ، روھىي ھالىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئانچە روشەن ئىپادىلەنمەيدۇ. مۇنداق كىشىلەر كۆپ ھاللاردا سوغۇق قان ۋە تەمكىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن جىددىي ھالەتلەردىكى ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىشى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا تېزراق بولىدۇ. ئەمما مۇنداق كىشىلەردىن چوڭقۇر ۋە جانلىق سەزگۈلەرنى ھەم تېزراق بىر قارارغا كېلىشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلاردىن چىدام ۋە غەيرەت بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىشلاردىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر تەسلىكتە تېرىكىدۇ ۋە ئاز ئازابلىنىدۇ. ئازابلانغاندىمۇ ئۆز ئازابىنى چىداملىق بىلەن ئۆتكۈزىۋېتىدۇ، مۇنداق كىشىلەر ئاسانلىقچە دوست تۇتمايدۇ. دوست تۇتسا، ئاسان تاشلاپمۇ ئەتمەيدۇ. بىرەر نەرسىنى چاپسان ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرۈش ياكى بىرەر بىلىمنى تېزدىن ئىگىلىۋېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئۇ ھامان باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. بىراق مۇنداق كىشىلەرنىڭ يىراق مەقسەتكە يېتىشى بىر قەدەر ئىشەنچلىكرەك بولىدۇ.

(2) جاھىل مىجەزلىك كىشىلەر بىرەر ھەۋەسنىڭ تەسىراتى ئاستىدىكى پائالىيەتلەردە ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاجايىپ جاھىللىق بىلەن كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىرى ئازراق توسالغۇغا ئۇچرىسىلا چاپسان يالقۇنلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز ھەۋەسلىرىنىڭ قاتتىق تەسىراتى ئاستىدا بولغىنىدا ئۇلاردىكى تەكەببۇرلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ئىن-

ئىقام ئىشلارنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئاز ئويلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىنى دائىم توغرا ھېسابلايدىغان بولغىنى ئۈچۈن ئويلىغىنىنى تېزلا ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. مىجەزى تېز بولىدۇ. خىزمەت قىزغىنلىقى تەكشى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ھەۋىسىنىڭ ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ھالاك قىلىشقا ئېلىپ كەلمىگىچە شۇ ھەۋەسكىلا بېرىلىدۇ ۋە قارام كېلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئۆز كەمچىلىكلىرىگە نىسبەتەن رەھىمدىل، باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىگە نىسبەتەن زەھەرلىك بىلەن قارايدۇ. ئەمما بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەر مۇستەقىللىك، چوڭ يۈرەكلىك، باتۇرلۇق ۋە كەسكىنلىك قاتارلىق ياخشى پەزىلەتلەرگىمۇ ئىگە بولغان بولىدۇ.

(3) تېتىك مىجەزلىك كىشىلەر جانلىق، زېرەك، ھەرىكەتچان ۋە ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى تېز ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ سەزگۈسىنىڭ قوزغىلىشى يېنىك بولغاچقا، ئۇلار ئۆزىگە يېقىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدۇ. دوستلىرىغا ئوشۇقچە مۇھەببەت بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن چاپسان دوست بولۇۋالالايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مايىللىقى ئىزچىل بولمايدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاچچىقى ئاسان كېلىدۇ، بىراق ئۇلار بۇ ئاچچىقى ئۈچۈن يەنە چاپسانلا پۇشايمان قىلىشقا باشلايدۇ. بۇلار ۋەدە بېرىشكە مەرت كېلىدۇ. لېكىن ۋەدىسىنىڭ ئورۇنلىنىش ۋاقتى بىر ئازلا كېچىكسە ئۇنتۇپمۇ قالىدۇ. مۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىگە نىسبەتەن كۆڭۈلچەكلىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار باشقىلاردىنمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق كۆڭۈلچەكلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار چېقىشقاق ۋە خۇش مۇئامىلە كېلىدۇ.

(4) ئىنچىكە مىجەزلىك كىشىلەر ئەستايىدىل، كۆڭلى ئاسان خۇش بولىدىغان ۋە ئاسان ئازابلىنىدىغان ھەم مۇڭلۇق بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر كىچىك ئىشلارغىمۇ يىلتىز چىقىرىپ ئويلايدۇ. ئۇلاردىكى يېقىمسىز سەزگۈرلەر مەمنۇنىيەت سەزگۈلىرىگە قارىغاندا ئۇزۇنراق داۋام قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئازابلىنىشى ئۇلارنىڭ خەير-خاھلىقىنى ئاسان قوزغىتىدۇ. ئۇلار قورقۇنچاق ۋە جۈرئەتسىزرەك كېلىدۇ. ئىشەنسىزلىق ئۇلارنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. ئۇلارغا باشقىلار دائىم ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. لېكىن مۇنداق كىشىلەر ئۆز ئىشىغا پۇختا كېلىدۇ.

يېقىندا كىشىلەر مىجەزىنى ئۇلارنىڭ قان تىپى ئارقىلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىمۇ تېپىپ چىقىلدى. بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىسى گەرچە ھەممە پسىخولوگلارنىڭ تېخى بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىكى ئىندىۋىدۇئال پەرقلىرىنى ئىگىلەشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. مىجەزى قان تىپى بىلەن ئۆلچەش ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، A قان تىپىدىكى كىشىلەر مىجەز جەھەتتىن كاج، ئەقىللىقراق ۋە ئېھتىياتچان كېلىدۇ. B قان تىپىدىكى كىشىلەر رايىش، نىسبەتەن ئۈمىدۋار ۋە قىزغىن بولىدۇ. O قان تىپىدىكى كىشىلەر نىسبەتەن ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە قەتئىي كېلىدۇ. AB قان

تىپىدىكى كىشىلەر نىسبەتەن غەلىتە ۋە غەربىانىراق كېلىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا: O قان تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جاسارەتلىك، مەرت ۋە مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما مۇنداق كىشىلەر بوۋاق مەزگىلىدە يىغلاڭغۇ كېلىدۇ. ئانىسىنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشىنى خالايدۇ. زېرىكمەي قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. بالىلىق مەزگىلىدە كۆپ ئەركىلەيدۇ ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېلىدۇ. بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئانا مېھرىگە ئىگە بولالمىسا، سىرتتىن مېھرى-شەپقەت ئىزدەيدۇ. شۇڭا مۇنداق كىشىلەر يامان ئادەتلەرنى ئوڭاي يۇقتۇرۇۋالىدۇ. ئۇلاردا قىزغىنلىق ۋە ھەسەتخورلۇق ھېسسىياتى گەۋدىلىكرەك بولىدۇ، ئۇلار باشقىلار بىلەن ئاسان دوست بولۇۋالالايدۇ، ئەمما دوستلۇقى ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ، شۆھرەتپەرەسرەك كېلىدۇ. ئەگەر باشقىلاردىن دەككە يەپ قالسا، روھسىزلىنىپ جىمغۇر بولۇۋالىدۇ-دە، ئۆز ئىستىقبالىنى قاراڭغۇ ھېسابلىۋالىدۇ. ئەمما بۇ خىل تىپتىكى كىشىلەردە بەلگىلىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بولۇشتىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرگە كۆپرەك مېھرى-شەپقەت كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە يۈز خاتىرە قىلماسلىق، ئەخلاقىي-پەزىلەت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپ شان-شەرەپ تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش، ئالغا ئىنتىلىش ھېسسىياتىغا ئىلھام بېرىپ، ئۆگىنىشنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرالماسلىق ۋە سەۋرچان بولالماسلىقتەك كەمچىلىكلىرىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىش ھەمدە ئۇلارنى قەھرىمانلارنى ئۈلگە قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

A قان تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا پاراسەتلىك كېلىدۇ. مۇنداق كىشىلەر يالغۇز ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىشقا ناھايىتى ئاز نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. غەلىبە قىلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا مەيۈسلەنمەيدۇ. بىراق باشقىلار بىلەن ئاسانلا جېدەللىشىپ قالىدۇ. كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسا، ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ ھەم ئوڭاي قايغۇرىدۇ. بۇلاردىكى ئىختىساس كېيىنرەك يېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرگە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىش ۋاستىسىنى قوللانماستىن، مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىش، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش ھېسسىياتىنى تورغۇزۇش ۋە ئىمكان قەدەر ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

B قان تىپىدىكى كىشىلەر بوۋاق مەزگىلىدە نىسبەتەن جىمغۇر بولىدۇ. ئوڭاي يىغلايدۇ، يىغلاش ۋاقتى نىسبەتەن قىسقا بولىدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، ئەگەر ئوينايدىغان دوستى بولماي قالسا، چاتاق سېلىپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن توختىتالماقمۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇلار چوڭ بولغانسېرى دوست تۇتۇشقا

ئامراق بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى باشقىلارغا ئاسانلا بېرىۋېتىدۇ. ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە ئۆز ئىشتىياقى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىدۇ، ھەرقانداق نەرسىگە قىزىقىپ باقىدۇ، بىرەر ئىشنى بېسىپ ئولتۇرۇپ باشقا ئېلىپ چىقىش ئادىتى بولمايدۇ. ئومۇمەن، مۇنداق كىشىلەر مىجەز جەھەتتىن رايىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىق ۋە زېھىن قويماسلىقتەك كەمچىلىكلىرىنى يېڭىشكە ياردەم بېرىش ۋە ناچار ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا بولغان تەلەپنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ بىرەر كەسىپكە بېرىلىپ ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

AB قان تىپىدىكى كىشىلەر بوۋاق مەزگىلىدە ئانىسىنى قۇچاغلىۋېلىپ يىغلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر ئاز چوڭ بولغاندىن كېيىن يات ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن قاچىدۇ ۋە تەنھا يۈرۈشكە خۇشتار كېلىدۇ. ئەتراپىتىكى نەرسىلەرگە بىپەرۋا قارايدۇ ھەم مىجەز جەھەتتىن نىسبەتەن غەلىتە كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ يېتىلىشى بالدۇرراق بولىدۇ ۋە ئۆگىنىشكە چىداملىق كېلىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش نەتىجىسى نىسبەتەن ياخشى بولىدۇ، ئەمما تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولىدۇ، غۇرۇرى كۈچلۈك بولىدۇ، يۈز خاتىرە قىلىدۇ، زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئىش قىلغاندا كۆڭۈل قويىدۇ ۋە جاسارەتلىك كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مىجەز تىپىدىكى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش ھەمدە ئۇلارغا ئىجابىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنى كۆپرەك كىتاب كۆرۈشكە يېتەكلەش لازىم.

ھازىر كىشىلەر مىجەزنى بىلىشتە شەرتلىك رېفلېكس ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى، تەكشۈكلۈق ۋە ھەرىكەتچانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بولىدىغانلىقى بايقالدى. كۈچلۈك-ئاجىزلىق دەرىجىسى دېگەندە: نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىنىشنى قوبۇل قىلىش ياكى داۋاملىق ئىشلەش قابىلىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل قابىلىيەت كۈچلۈكمۇ، ئاجىزمۇ بولىدۇ. تەكشۈكلۈق دېگەندە قوزغىلىش كۈچى بىلەن تورمۇزلىنىشنىڭ كۈچىنىڭ تەڭ بولۇش-بولماسلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا تەكشۈكلۈقمۇ، تەكشۈكسىزلىكمۇ بولىدۇ. تەكشۈكسىزلىكتا يەنە قوزغىلىش ئۈستۈنلىكى ۋە تورمۇزلىنىش ئۈستۈنلىكمۇ بولىدۇ. ھەرىكەتچان دېگەندە: غىدىقلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈش سۈرئىتى ۋە قوزغىلىش جەريانى بىلەن تورمۇزلىنىش جەريانىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش سۈرئىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەرىكەتچان ۋە ھەرىكەتچان ئەمەس دەپ ئايرىلىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىك قوشۇلۇپ، نېرۋا سىستېمىسىدا تۆت خىل تىپ بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، كۈچلۈك ئەمما تەكشۈكسىز تىپ، بۇنىڭدا قوزغىلىش ئۈستۈن تۇرىدۇ. مۇسبەت شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىشى مەنپىي شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىشىدىن تېز بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئاسان ھاياجانلىنىدىغان ۋە ئاسان ئاچچىقلىنى-

دىغان ئەمما تىزگىنلىنىشى تەس بولغان تېپ بولغاچقا، تىزگىنسىز تېپ ياكى قوزغىلىشچان تېپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، كۈچلۈك، تەڭپۇڭلاشقان ۋە ھەرىكەتچان تېپ بولۇپ، بۇنىڭدا مۇسبەت ياكى مەنپىي شەرتلىك رېفلېكس ئاسان شەكىللىنىدۇ ۋە ئوڭاي ئۆزگىرىدۇ، ھەرىكەتچان ھەممە ھەرىكىتى چاققان بولىدۇ. غىدىقلاش توختىسا ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ ياكى سولىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەرىكەتچان تېپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، كۈچلۈك، تەڭپۇڭ بولغان، لېكىن ھەرىكەتچان بولمىغان تېپ بولۇپ، بۇنىڭدا شەرتلىك رېفلېكس ئاسان شەكىللىنىدۇ. لېكىن ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ بىر خىل ئېغىر-بېسىق، ھەرىكىتى ئاستا ھەممە سۇس بولغان بىر خىل تېپ بولۇپ، بۇ ئېغىر-بېسىق تېپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، ئاجىز تېپ بولۇپ، بۇنىڭدا قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىش كۈچى ناھايىتى ئاجىز بولغانلىقتىن ئىككى خىل شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كۈچلۈك غىدىقلاشنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇ شۇ سەۋەبتىن توخۇ يۈرەك تېپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دېمەك، نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تىپلىرى توغرىسىدىكى بۇ خىل تەلىمات مىجەزنىڭ بىر خىل يېڭىچە چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ، يېقىنقى نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئىسپاتلىماقتا. بۇ ھازىرمۇ بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە بولغاچقا، ئۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مىجەزدىن ئىبارەت بۇ بىر ئىندىۋىدۇئال پىسخىكىلىق ھادىسە گەرچە كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا ھەر خىل پائالىيەتلىرىدە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتلىك رول ئوينىمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، مىجەز پائالىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش خاراكتېرى ۋە سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك شارائىتتا پائالىيەتنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن، ناھايىتى تېز ئورۇنلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېتىك مىجەزلىك كىشىنىڭ ھەرىكەت ئۈنۈمى مۇقەررەركى، ئېغىر-بېسىق كىشىنىڭ ھەرىكەت ئۈنۈمىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان پائالىيەتلەردە بولسا، ئېغىر-بېسىق كىشىنىڭ ھەرىكەت ئۈنۈمى تېتىك مىجەزلىكلەرنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى ھەم پۇختىراق بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئەقلىي پائالىيەت ئالاھىدىلىكىگىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. چۈنكى مەلۇم مىجەز ئەقلىي پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن كونتروللۇق ئورۇندا تۇرغاندا ئەقلىنىڭ نورمال تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىر قەدەر قىيىن بولىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ مىجەزىگە ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ياخشى-يامان ھەرىكىتى ھەرگىز ئۇلارنىڭ مىجەزى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەربىيە شارا-

ئىتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئاساسەن مىجەز توغرىسىدا توختالدۇق. ئەندى مىجەز بىلەن خاراكتېرنىڭ پەرقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندە خاراكتېرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

خاراكتېر كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە پائالىيەت ئۇسۇلىدا دائىم ئىپادىلىنىدىغان پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكتۇر. خۇددى بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك گەرچە خاراكتېر مىجەز بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى خاراكتېر تۇغما ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى ياكى ۋارىسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولماستىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئالغان تەربىيە شارائىتلىرى ئاساسىدا تەدرىجى شەكىللىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. مەسىلەن، بىز ھېچقانداق بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئەمگەك سۆيەر ياكى ھورۇن بولۇپ تۇغۇلمايدىغانلىقىنى ۋە ياكى تۇغۇلۇشىدىنلا سەمىمىي ياكى ساختىپەز، قەيسەر ياكى قورقۇنچاق، ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىز، تىرىشچان ياكى ھورۇن بولۇپ تۇغۇلمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن بىز كىشىلەر خاراكتېرلىرىدىكى پەرقلەرنى ئاساسەن ئائىلە تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تەسىرىگە باغلىق بولىدۇ، دەپ قارايمىز. يېقىنقى پىسخولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسا، بالىلارنىڭ خاراكتېرى ئىتائەتچان، تەشەببۇسكارلىقى بولمىغان، پاسسىپ، بېقىندى ۋە مۆتىدىل بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئارتۇقچە ئەتىۋارلاش ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى گۆدەك، بېقىندى، ئەسەبىي، پاسسىپ ۋە جۈرئەتسىز بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى قوغداش ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى ئىجتىمائىيلىقى كەمچىل، ئويچان، سەمىمىي ۋە خاتىرجەم بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئەكىلىتىش ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى بەكۋاش، ئۇششۇق، گۆدەك ۋە ئەسەبىي بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى مايىللىق ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى مەسئۇلىيەتسىز، جاھىل ۋە ئۇرۇشقاق بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئېتىبار بېرىش ھالىتىدە تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى سوغۇق، بىشەم، ئالاقزادە بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى رەت قىلىش ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى ئەسەبىي، ئىجتىمائىيەتكە قارشى، قوپال، سوغۇق ۋە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى رەھىمسىز ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى تەرسا، شەپقەتسىز، ئەسەبىي، قاچقاق بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى ئىستىبدات ئورۇندا تۇرسا، بالىنىڭ خاراكتېرى بېقىندى، كاژ، مەمەدان، مۇستەقىللىكى بولمىغان ۋە ئۇرۇشقاق بولىدىكەن. ئاتا-ئانىنىڭ پوزىتسىيىسى دېموكراتىك ئورۇندا تۇرغاندا بولسا، بالىنىڭ خاراكتېرى مۇستەقىل، ئوچۇق-يورۇق، ھەمسۆھ-

بەت، سەممى، ئىجاتچان ۋە چىقىشقاق بولىدىكەن.

كىشىلەر خاراكتېرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللەنگەنىكەن. ئۇ ھامان ئەمەلىي پائالىيەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىرەر كىشى باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىدە ھەممىشە يۈكسەك پرىنسىپال، قىزغىن، كەسكىن، ئەستايىدىل ۋە ئادىل بولسا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ئادەتتە ئەشۇ خۇسۇسىيەتلەر ئاساسىدا شەكىللىنىپ، يەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەممە شۇ ئاساستا تۇراقلىشىدۇ. يەنە مەسىلەن، بىرەر كىشى باشقىلارنىڭ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ھەرىكىتىنى كۆرگەندە قوۋۋەتلەيدىغان، شەخسىيەتچىل ھەرىكىتىنى كۆرگەندە ياقتۇرمايدىغان بولسا، ئۆزى مەكتەپنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولسۇن، ئاشكارا سورۇنلاردا ياكى ئادەم كۆرمەيدىغان جايدا بولسۇن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشال دەپ قارىسا، ھەممە جايدا ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ غېمىنى يېسە ۋە دائىم باشقىلارنى رازى قىلسا، ئۇنى بىز «باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان» خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەيمىز. بىز پەقەت كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا نېمە قىلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيمىز. جۈملىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىگە بېقىپ ياردەم ۋە تەربىيىمۇ بېرەلەيمىز. مەسىلەن، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان، جۈرئەتلىك ۋە غەيرەتلىك، ئەمما بوينى قاتتىق ۋە قوپاللىراق كىشى بىلەن ئۆزىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، تارتىنچاق، مۇستەقىل پىكرى بولمىغان، ئىشارەتكە بېقىپ ئىش قىلىدىغان ۋە بوشراق كەلگەن ئىككىنچى بىر كىشىنى ئوخشاش بىر ۋەزىپىگە بۇيرۇغاندا، بىرىنچىسىگە ئىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىل ۋە باشقىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بول، دەپ جېكىلەشكە توغرا كەلسە، ئىككىنچىسىگە كۆپرەك ئىلھام ۋە كونكرېت ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

خاراكتېر قابىلىيەتكە يېقىنراق تۇرىدۇ. ئەمما بۇلارنىمۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، قابىلىيەت پسىخىكىلىق پائالىيەتنىڭ ئۇنۇمىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل بولغاچقا، كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولۇشى قابىلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. خاراكتېر بولسا، كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقى، قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقى ۋە ئۇنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلۇق، بىرەر كىشىنىڭ ئەستە قالدۇرۇشى ناچار بولسا، بۇ ھال شۇ كىشىنىڭ قابىلىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەرقانداق ماتېرىيالنى ئەستە قالدۇرۇشى ياخشى بولۇپ، بىراق قول ئۇچىدىلا پەلەپەتىش ئىش قىلىدىغان بولسا، ئۇ ئەنە شۇ كىشىنىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئالاھىدە پوزىتسىيىسىنى ۋە ئادەتلەنگەن مەلۇم ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا بۇ ئەشۇ كىشىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا مەلۇم بىر كىشىنىڭ مەسى-

لىلەر ئۈستىدە ھەمىشە چوڭقۇر ۋە مەنتىقىلىق پىكىر قىلىدىغانلىقى شۇ كىشىنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا، ھەرقانداق مەسىلىدە ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق ئويلىنىدىغانلىقى، بىر ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى ۋە ھەرىكىتىنىكى قەتئىيلىكى قاتارلىقلار خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرەر كىشىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان پەرقلىق ئالاھىدىلىكى ھامان ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى بەزى ئوي-پىكىرلەر ۋە دائىم مۇشۇ ئوي-پىكىرلەر بويىچە ئىش قىلىپ ئۆزىدە يېتىلدۈرگەن ھەرىكەت ئادىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا بىز خاراكتېرنىڭ ئاساسلىق فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى چۈشەنچە ھاسىل بولىدىغان مەركەز بىلەن ھەرىكەتنى تىزگىنلەيدىغان ھەرىكەت مەركىزى ئوتتۇرىسىدا تىكلەنگەن مەلۇم مۇقىم نېرۋا باغلىنىشلىرى سىستېمىسى ياكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ قېلىپلىشىشى دەيمىز. دېمەك، خاراكتېرنىڭ مۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بىلەن قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ. بۇ خۇددى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ قېلىپلىشىشى تاشقى غىدىقلىغۇچىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بويىچە ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، پۇختىلىنىپ بېرىش ئارقىلىق تىكلەنگىنىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خاراكتېرنى كىشىلەرنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىشى ياكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشى جەريانىدا ئائىلە، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەلەپلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر، دەپ قارايمىز.

ھەربىر كىشىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئىدىيىسى، غايىسى، ئېتىقادى ۋە دۇنيا قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ. خاراكتېر بىلەن ئىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت مۇناسىۋەت زادى قانداق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى پسىخولوگىيە خادىملىرى ئىچىدە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر ئىدىيىنى خاراكتېر ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىسا، بەزىلەر ئىدىيە خاراكتېرگە كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇنى چەكلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەقىقەتەن كۆپ ھاللاردا ئىدىيە خاراكتېرنى چەكلەيدۇ ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى بولغان راستچىللىقنى ئالساق، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، شەخسىي غەرەز ئارىلاشمىغان پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىز پرولېتارىيات جەڭچىلىرىنى ئەڭ راستچىل كىشىلەر دېگەندە، ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئىنقىلاب ۋە خەلق مەنپەئەتىدىن باشقا قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئەكسىچە، ئېكسپىلاتاتورلاردا بولىدىغان ھايانكەشلىك، خۇشامەتچىلىك ۋە ساختىپەزلىكلەر ئۆز خاراكتېرىدا ھەقىقىي راستچىللىقنىڭ بولۇشىغا ئىمكان بەرمەيدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇنى ئۇلارنىڭ سىنىپىي ئورنى بەلگىلەيدۇ. شەخسىي مەنپەئەتنى خەلق مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش ئىدىيىسىنى ھاسىل قىلغان كىشىنىڭ خاراكتېرىدا بولسا، جەسۇرلۇق، سەممىيە-

لىك، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئۈمىدۋارلىقتا ئوخشىغان خۇسۇسىيەتلەرمۇ شەكىللىنىدۇ. ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە مايىل بولغان جىگەرلىك ۋە قاراملىقلارنى ئالساق، بۇ ئالاھىدىلىكلەرمۇ بەلگىلىك ئىدىيە بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولالايدۇ. كىشىلەردىكى ئىدىيە ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى پەيدا بولۇش ھەم تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بۇلار ئارىسىدا زىددىيەتلەرمۇ تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، ئىدىيىدە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەلۇم خاراكتېر ئالاھىدىلىكى نىسپىي مۇقىملىقنى ساقلاپ تۇرغان چاغدا مۇنداق زىددىيەت تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى، تۇرمۇش كەچۈرمىشى ۋە قوبۇل قىلغان تەربىيىسى قاتارلىقلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىدىمۇ خېلى زور پەرقلەر بولىدۇ. ھەتتا ئوخشاش خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەربىر كىشىدىكى ئىپادىسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. خېلىدىن بۇيان بەزى پسىخولوگلار خاراكتېردىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى بەزى تۈرلەرگە ئايرىپ خاراكتېر تىپىدىكى پەرقلەرنى ئېنىقلاپ چىقىشقا تىرىشىپ كۆردى. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى خاراكتېرنى قان تىپى بويىچە پەرقلەندۈرسە، بەزىلىرى ئۇزۇقلىنىش خىللىرىغا قاراپ پەرقلەندۈردى. يەنە بەزىلەر بولسا، بويىغا ۋە ئورۇق-سېمىزلىكىگە قاراپ ئايرىيدىغان جۇغ تەلىماتنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما ھازىر كۆپلىگەن ئالىملار مۇنداق ئايرىشتىن ۋاز كەچتى. يېقىندىن بۇيان خاراكتېر قۇرۇلمىسىدا ئەقىل، ئىرادە ۋە كەيپىياتلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا قاراپ، خاراكتېرنى تىپقا ئايرىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدا ھەممىنى ئەقىل بىلەن ئۆلچەيدىغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى خاراكتېرنىڭ ئاقىلانە تىپى دەپ ئاتىلىدۇ؛ يۈرۈش تۇرۇشتا كەيپىيات تەسىرىگە تولا بېرىلىدىغان، ھېسسىياتچان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى خاراكتېرنىڭ كەيپىيات تىپى دەپ ئاتىلىدۇ؛ خاراكتېر قۇرۇلمىسىدا ئىرادە ئالاھىدىلىكى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى خاراكتېرنىڭ ئىرادە تىپى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىل تىپقا ئايرىش ئۇسۇلىمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭدا شەخسنىڭ ئىچكى دۇنياغا مايىل ياكى تاشقى دۇنياغا مايىل ئىكەنلىكى خاراكتېرنى ئايرىشنىڭ ئاساسى قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ئىچكى مايىل تىپ ۋە سىرتقى مايىل تىپ دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئىچكى مايىل تىپقا كىرىدىغانلار ھەممىنى ئىچىدە بىلىدۇ، خىيالچان كېلىدۇ ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدۇ. سىرتقا مايىل تىپقا كىرىدىغانلار ئوچۇق-يورۇق، تېتىك ۋە چىقىشقاق كېلىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋالدا شەخسلەرنىڭ مۇستەقىللىق دەرىجىسىگە بېقىپ ئىتائەتمەن تىپ ۋە مۇستەقىل تىپ دەپ ئايرىشمۇ بار. بۇنىڭدا باشقىلارنىڭ پىكرىگە ئوڭايلا قوشۇلىدىغان، ھوقۇقى ۋە كۈچى بارلارغا بويسۇنىدىغان، خەقنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىدىغان ۋە ئىشارەتكە بېقىپ ئىش قىلىدىغانلار ئىتائەتمەن تىپقا ئايرىلىدۇ. ئۆزىگە

ئىشەنچىسى كامىل، مۇستەقىل قارار قىلالايدىغان، ئۆز ئىرادىسىنى ۋە ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا تېڭىشقا خۇشتار كەلگەنلەر مۇستەقىل تىپقا ئايرىلىدۇ. يەنە بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خاراكتېرنى مۇنداق تىپقا ئايرىش - گەرچە رېئال تۇرمۇشتا ئۆز ۋەكىللىرىنى تاپالىسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا زور چەكلىمە ۋە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن خاراكتېردىن ئىبارەت بۇ بىر مۇرەككەپ ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق ھادىسىنىڭ مۇھىم بولغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. خاراكتېر قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن خاراكتېرنى تىپقا ئايرىشتا ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر مۇكەممەل تەلىمات تاكى ھازىرغىچە مەيدانغا چىققىنى يوق.

ئەمما پسىخولوگىيە ئالىملىرى كىشىلەر خاراكتېرى ۋە خاراكتېردىكى ئىندىۋىدۇئال پەرقلەر توغرىسىدا يەنىلا ئىزدىنىپ ئىزدەنمەكتە. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى بەزى پسىخولوگلار يېقىندىن بۇيان بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ خاراكتېرنى رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىدە ئىپادىلىنىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، خاراكتېردىكى ئىرادە ئالاھىدىلىكى، خاراكتېردىكى كەيپىيات ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېردىكى ئاقىلانىلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى مۇنداق: بىرىنچى كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى خىلمۇ خىل بولغاچقا، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پوزىتسىيىلەرنى ئاساسەن جەمئىيەتكە، كوللېكتىپقا، ئەمگەككە ۋە ئۆزىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىلەر دەپ ئايرىساق، جەمئىيەتكە ۋە ئۆزىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىلەر تەركىبىگە كوللېكتىپقا كۆيۈنۈش، كۆڭلى يۇمشاقلىق، چىقىشقاقلىق، ئوچۇق - يورۇقلۇق، ئادىللىق ۋە راستچىللىق ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۈرۈش، تارتىنچاقلىق، قوپاللىق ۋە باشقىلار كىرىدۇ. ئەمگەككە تۇتىدىغان پوزىتسىيىلەر تەركىبىگە ئىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بىپەرۋالىق، ئىجاتچانلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىك، ئاددىي - ساددىلىق بىلەن ھەشەمەتچىلىك قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئۆزىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىلەر تەركىبىگە بولسا، كەمتەرلىك بىلەن مەنمەنلىك، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەربىر كىشىنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلى كۆپىنچە ئۆز خاراكتېرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىرادە ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى: ئۆزىنى تۇتۇش، قەتئىيلىك، كەسكىنلىك، ئىنتىزاملىق، جەسۇرلۇق ھەمدە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بەكباشلىق، ئەزمىلىك، قارامىلىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت: ئۈچىنچى، خاراكتېردىكى كەيپىيات ئالاھىدىلىكى كىشىلەردە كەيپىياتنىڭ ئىپادىلىنىش سۈرئىتىدە، كۈچلۈكلىكىدە ھەم ساقلىنىش ۋاقتىدا كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ جەرياندا كۆڭۈل خاراكتېرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇشال - خۇرام يۈرەمدۇ ياكى قايغۇ - ھەسرەت چېكىپ يۈرەمدۇ ۋە ياكى خاتىرجەم، تىپ - تىنچ يۈرەمدۇ دېگەندەك، بەزىلەر ئىنتايىن ھاياجانلانسىمۇ لېكىن ئىرادىسى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلاردا ئىرادە ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدۇ. تۆتىنچى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكى

كىشىلەرنىڭ ئەقلىي پائالىيەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئەقلىي قابىلىيەت ئالاھىدىلىكىنى خاراكتېردىكى ئاقىلانىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئۆز ئېڭىدا ئەكس ئەتتۈرۈش چوڭقۇرلىقىدا، سۈرئىتىدە ۋە كۈچلۈكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆرگەن ۋە تەساۋۋۇر قىلغان نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. خاراكتېردىكى ئاقىلانىلىق ئالاھىدىلىكى بولسا، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەم ئىش ئۇسۇلىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كۆزىتىشنىڭ ئۆتكۈرلىكى، خاتىرىنىڭ سۈرئىتى، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى ياكى چوڭقۇرلۇقى قاتارلىقلارمۇ ئەقلىي قابىلىيەت ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن كۆزىتىشتە بەزىلەر ئىنچىكە كۆزىتىدۇ. بەزىلەر يۈزە كۆزىتىدۇ. خاراكتېردىكى ئاقىلانىلىق ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىز مانا شۇ. يەنە بەزىلەر ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلارغىمۇ يېپىشىۋالىدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن شۇ كىشىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن شۇ كىشىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاقىلانىلىق ئالاھىدىلىكىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

بىز خاراكتېر توغرىسىدىكى يۇقىرىقى ئانالىزدىن ھەربىر كىشىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغاندىن تاشقىرى، بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ھەربىر كىشىدە ھەر خىل بولىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئوخشاش بىر خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ كىشىلەردە ھەر خىل ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، قاراملىقنى ئالساق، بەزى كىشىلەر قاراملىقى تۇتقاندا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس. ئوخشاش پرىنسىپاللىققا ئىگە كىشىلەردىمۇ يامانلىققا نەپرەتلىنىشتە بەزىلەر ئىش-ھەرىكىتىدە ئۆتكۈر كەيپىياتنى ئاشكارىلاپ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىل سالىدۇ ۋە ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئۆزىنى ئاياپ دارتىملاپ ياكى ئەگىتىپ سۆزلەيدۇ-دە، ئاقىلانىلىق ئامالى شۇ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك كىشىلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقلىرى بىلەن تونۇشۇش ئوبيېكتىغا قاراپ تەربىيە بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ كۆپ خىللىقى ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر. خۇددى دۇنيادا چىراي-شەكلى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئادەم بولمىغىنىدەك، خاراكتېرىمۇ بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان كىشىلەرمۇ يوق. بۇ خۇددى «بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك، ھەر خەمەكنىڭ تەمى بۆلەك» بولغىنىغا ئوخشاش. لېكىن كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ قانچە مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ھامان بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى خاراكتېر ھامان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ.

# «ئىز» رومانىدىكى ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ گەۋدىلىنىشى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

شەرىپىدىن ئۆمەر

ئىنسان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىش يولىدا بىرەر ئىش قىلىدىغان بولسا دائىم ئۆز مېھنىتىنىڭ يەكۈنىگە مەقسەتسىز قارىمايدۇ. مەلۇم بىر غايىنى ھېس قىلغان ھالدا قولىغا قورال ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىلىق قۇۋۋىتىدىن زوقلىنىدۇ. ياكى ياراتقان بىرەر غايىسى ۋە بۇيۇمى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

ئىنسان ھېس-تۇيغۇلىرى ئاساسەن ئىككى نەرسىگە باغلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى-ئۇنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ئالىمى. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ ئۆز پائالىيىتى. ئۇ، تەبىئەتكە نەزەر تاشلاپ دائىم ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە كۆڭلىنى مەپتۇن قىلىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرۈشنى ئىستەيدۇ. جۈملىدىن ئۆزى بىرەر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان چېغىدا دائىم ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە زوق بېغىشلايدىغان غايە ۋە بۇيۇملارنى يارىتىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. دېمەك ئىنسان ئۆز پائالىيىتىدە دائىم كامالەتكە يېتىشكە، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باش ۋەزىپىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تەبىئەت ۋە ئىنسان ھاياتىدىكى ئەنە شۇ گۈزەللىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ مۇقەددەس بۇرچى بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچكىممۇ شەك كەلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى كىشىلەر مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش مۇرەككەپ مەسىلە ئىچىدىكى گۈزەللىكنى بايقاپ ئۇنى توغرا، رېئال ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. لېكىن ئىنسان مۇناسىۋىتىدىكى گۈزەللىك، بىز ئادەتتە ئويلىغاندىن خېلىلا مۇرەككەپ بولغاچقا ئۇنى توغرا ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش تېخىمۇ مۇرەككەپتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ئەڭ ئالدى بىلەن گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەنئەتكارنىڭ ئۆزى مەلۇم بىر جەمئىيەت ئەزاسى، ئۇ تەبىئەت، جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھەر خىل دۇنيا قاراش پوزىتسىيىسى ۋە كەيپىياتىدا بولىدۇ. ئەگەر سىنىپىي جەمئىيەتتە بولسا، مەلۇم سىنىپقا تەۋە بولۇشى مۇمكىن. يازغۇچى ياكى سەنئەتكار ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتە مەلۇم دۇنيا قاراش ۋە كەيپىياتلار، ياكى مەلۇم سىنىپ تەسىرىدە

بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ھايات گۈزەللىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى ئۇ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن گەۋدىسى بىلەن بىراقلا نامايان بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن ھاياتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان گۈزەللىك، باھاردا ئېچىلىپ تۇرغان، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان چىرايلىق، نەپىس گۈل ئەمەس، باغلارنى چاڭ كەلتۈرۈپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغاپ ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازى ئەمەس، جۇملىدىن بۇلۇتسىز تىنىق ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئايمۇ ئەمەس ... كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى گۈزەللىكنى، خۇنۇكلۇك، پەسكەشلىكلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىش، ئاجرىتىپ ئالغاندىمۇ رېئالىستىك سەنئەت ۋە ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرى چېگرىسىدىن چىقماستىن ئۇنى كىتابخان ياكى تاماشىبىنلارغا تەسىر قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسىرلىك، جەزىبىدار قىلىپ، زۆرۈر تېپىلغاندا بىر ئاز قاپارتىپ، رومانتىك رەڭ بېرىپ ئەكس ئەتتۈرۈشنى بىلىش ئاسان ئىش ئەمەس.

ئىجتىمائىي ھايات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ ئالدى بىلەن ھاياتنىڭ ئىلغار تەندەنسىيىلىرى گۈزەل بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئىچكى سىرىنى يېشىپ تاشلايدىغان، ئۇنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىنى بىلىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان ئىنسان پائالىيىتى تېخىمۇ گۈزەلدۇر. بىز بىرىنچى قېتىم كائىناتقا قەدەم قويغان، بىرىنچى مەرتىۋە ئاي يۈزىنى كەزگەن، سوتكىلاپ يەر ئەتراپىنى ئايلانغان ئىنسان پائالىيىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا «ئاپىرىن!» ئوقۇيمىز. ئايلىق، يىللىق، بەش يىللىق نورمىلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاۋاتقان ئىلغار ئىسلاھاتچى ئىشچى، دېھقانلارنىڭ مېھنەت سەمەرىلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا «ئاپىرىن!» ئوقۇماي تۇرالايمىزمۇ؟ بۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى بېجىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئىش ھەرىكىتىدە شەخس - ھوزۇر ھالاۋىتىنى كېچىپ، جان پىدالىق بىلەن شەخس مەنپەئەتىنى ئومۇمىي ئىنسان (ئىلغار جەمئىيەت) ھاياتىغا بويسۇندۇرغانلىقى ۋە جان پىدالىقلىرىنى گۈزەللىك نەمۇنىسى دەپ ھېسابلايمىز.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنە شۇ ئىنسان پائالىيىتى ۋە روھىي ھېسسىياتىنىڭ ئالىي نۇقتىغا كۆتۈرۈلگىنى بولۇپ بۇ يەردىكى گۈزەللىك ئۆزىنىڭ ئىككى قىرى بىلەن نامايان بولىدۇ. بىرى - ھاياتنىڭ ئۆزىدىكى گۈزەللىك، ئىككىنچىسى - ئىنسان پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، بەدىئىي ئەسەردە يارىتىلغان گۈزەللىكتىن ئىبارەت.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس ئەدەبىياتىدا ماكسىم گوركى ئىستېداتىنىڭ تۇغۇلۇشى شۇنىڭ بىلەن خارەكتېرلەنگەنكى، ئۇ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن خېلى بۇرۇنلا بولغۇسى، ئىنقىلابىي بۇرۇلۇشقا ئاساس بولىدىغان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى تىپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ «بوران قۇشى قوشىقى» نى يارىتقان. جەمئىيەت ھاياتىدا كېلەچىكى بار، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش مۇمكىن بولغان يېڭى

كۆچنى سىزىقلىپ ئۇنى ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن گۈزەللىك ۋە ئېستېتىك پرىنسىپلار بويىچە رېئاللىستىك ھالدا كەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

ھاياتنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئىلغاپ ئېلىش ۋە ئۇلارنى بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش پەقەت ئىنقىلاب ھارپىسىغىلا خاس ئەمەس، بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتتە دائىما ھادىسە. يېڭىلىقنى تېز ئاڭقىرىپ، ئۇنى ئىلغاپ ئېلىش، ھاياتنىڭ باش ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خۇسۇسەن سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئەدەبىيات سەنئىتى ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي سەنئەتكار قايسى دەۋردە ياشىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھاياتنىڭ تەرەققىيات ئىدىيىلىرىنى بايقىۋېلىشى ئۆزىنىڭ ئىجادىي پرىنسىپلىرىنى شۇنىڭغا قاراپ بەلگىلىشى، ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجادىي ئۇتۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

توغرا، ھاياتنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھەربىر ئەدەبىي جىنىس ۋە ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىن.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرقى زامان تېمىلىرىغا قارىغاندا تارىخىي تېمىلار ئۇيغۇر پروزىسىدا خېلى سالماق ئورۇننى ئىگىلىمەكتە، پارتىيە 11-قۇرۇلتاي 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ زەپەر مارشىغا ئەگىشىپ تېما جەھەتتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك پۇرسەتتە «كورەشچان يىللار»، «ئىزدىنىش»، «موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «قاينام ئۇرگىشى»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «چالا تەككەن ئوق»، «ئۆچمەس ئىزلار»، «ئىز» قاتارلىق رومانلار مەيدانغا كەلدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ياشلىق بېشىنى ياشاپ، ساندىن سۈپەت ئۆزگىرىش قىلغان، كامالەتكە يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ناھايىتى چوڭ پاكىتلار بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئېستېتىك پرىنسىپلار بويىچە ئېيتقاندا زامانىۋى تېمىدا يارىتىلغان ئەسەرلەردە يازغۇچى ھازىرقى زامان ھاياتىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئىلغاپ ئېلىپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى كۆپرەك يازغۇچى يېڭىلىقنى قايسى دەرىجىدە ئىلغاپ ئالدى ۋە ئۇنى قانچىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرەلىدى، دېگەن مەسىلىلەر بىلەن باغلاپ باھالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمدى تارىخىي تېمىدا يارىتىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلسە، بۇ مەسىلىگە قانداق قاراش كېرەك؟

بىزچە بۇ مەسىلىدىمۇ پرىنسىپ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، بىر ئاز پەرق، شۇ تارىخىي تېمىغا مۇراجىئەت قىلغان يازغۇچى ئۆتمۈشنىڭ بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىڭ بەرپا بولۇشىغا خىزمەت قىلغان تەرەپلىرىگە نەزەر تاشلايدۇ. تارىخنى يارىتىشتا يازغۇچى ياكى سەنئەتكارنىڭ رېئاللىستىك قۇۋۋىتى بۈگۈنكى ھاياتىمىزنىڭ تارىختىكى يىلتىزلىرىنى ئېنىق بايقاپ، بىلىۋېلىش ۋە بۇ يىلتىزلارنى ھەققانى ھالدا ئەكس ئەتتۈرەلىشى بىلەن نامايەن بولىدۇ.

«ئىز» رومانى خۇددى جاھان پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ جاھان تەرەققىياتىنى

يېڭى بىر ئىزگە بېسىلىش ئىمكانىيەتلىرى تۇغۇلۇش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن بىرىنچى رۇس پرولېتارىيات ئىنقىلابى (1905 — 1907)، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ئۈچ مىڭ يىللىق فېئودالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ «جۇڭخۇا مىنگو» جۇمھۇرىيىتىنى بەرپا قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يىلتىزداش بولغان شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى يەنى «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» نى ئاساس قىلغان بەدىئىي سۈرەت ئارقىلىق ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار باش تىندىنسىيىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن:

«ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
ھاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،
ئازادلىق - ئەركىنلىك ئۈچۈنلا پەقەت.»①

دېگەن بۇ غايىنى يەنى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكىنى رومان بەدىئىي غايىسىنىڭ يادروسى قىلىپ خەلق ئىنقىلابى كۈرىشىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئا. تولستوي «رۇس خەلقىنىڭ سىر - ئەسرارىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىش كېرەك» دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن «ئىز» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ، ئۇلۇغ كومۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن بۈگۈنكى ئازاد - ئەركىن گۈزەل ھاياتىمىز بىلەن يىلتىزداش ئىدى. روماندا بۇ ھەقىقەت تىپىك ۋەقەلەر تەسۋىرى تىزمىدا تىندىنسىيىلىك ھالدا نامايان بولۇپ ئوقۇغۇچىغا ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدۇ. بۇنى روماندا ئېستېتىكنىڭ پرىنسىپلارىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىشى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتتە يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك غايىسى ھاياتنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئۆزلەشتۈرگەندە باش ئىجابىي قەھرىمان ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

تارىختا بىرەر يىرىك ۋەقەنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي خىسلەتلىرى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان شەخسلەرسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەربىر تارىخىي ۋەقەنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرى بار. ئەنە شۇ قەھرىمانلار توپەيلى بىز ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ھاياتى ھەققىدە تولۇق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولىمىز. ئۇلار بىزگە دائىم ئۈلگە بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر تەرەپلىمە «يولچى يۇلتۇز» بولۇپ قالىدۇ.

خەلقئارا مىقياسىدىن ئالغاندا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. دۆلىتىمىزدە جۇڭگو ئىنقىلابى جۇڭگو خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىنىڭ بۇ، بۇرۇلۇش يىللىرىدىكى قەھرىمانلىرىنى تا ھازىرغىچە يېزىپ تۈگىتەلىگىنى

① چاندىر پىتەپى شېئىرى.

يوق. ھەربىر دەۋر، ھەربىر ئەسىر تەپەككۇرى، شۇ جۇملىدىن بەدىئىي تەپەككۇرمۇ، بۇ ئالەمشۇمۇل ۋەقەلەردە ئۆزگىچە تېگىشلىك ھەقىقەتنى ئاچىدۇ ۋە ھەر قېتىم بۇ ئىشنى ئەلۋەتتە شۇ ۋەقەنى ياراتقان قەھرىمانلار پائالىيىتىنىڭ تەھلىلى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۈگۈن بىز ئىنسان ھاياتىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن جان پىدالىق قىلىۋاتقان قەھرىمان-لار بىلەن يانمۇ-يان بىللە ياشاۋاتىمىز. بۇ ئىشلار ئەتە تارىخ مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. كېلەچەك ئەۋلادلار بولسا، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ بۇ قەھرىمانلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھايات دىئالېكتىكىسى مەڭگۈ شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

توغرا، تارىختا ھەممە يىرىك ۋەقەلەرنى پەقەت ئىجابىي قەھرىمانلار يارىتىۋەرمەي-دۇ. 1812 - يىلدىكى ناپالېئوننىڭ روسىيەنى بېسىپ ئېلىشى ياكى 1941 - يىللىرى-دىكى نېمىس فاشىستلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېسىپ كىرىپ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىشى، جۈملىدىن جۇڭگودا بولسا، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ھۇجۇمى، گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە مىلىتارىستلارنىڭ ھۇجۇملىرى ۋە باشقىلار ... نىڭ سەۋە-بى بىرەر ئىجابىي قەھرىماننىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلانمايدۇ. بىراق جەمئىيەت تا-رىخىدا يۈز بەرگەن ۋە جەمئىيەت ھاياتىغا چوڭ خەۋپ تۇغدۇرغان بۇ خىلدىكى ۋە-قەلەرگە قارشى كۆرەشلەرمۇ شۇ دەۋر ئۈچۈن قانچىلىغان قەھرىمانلارنى مەيدانغا كەل-تۈردى. ئۇلارسىز ئىنسانىيەتنى ئۆز بېشىغا چۈشكەن بالا-قازا، كۈلپەتلەردىن قۇتۇل-دۇرغىلى بولمايدۇ. تارىختا ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور بالا-قازالارنى ئېلىپ كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ ئۆزى خۇنۇك بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنى شۇ بالا-قازالاردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۆرەشكەن قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتى مەڭگۈ گۈزەللىككە ئىگە، يۇقىرىقى ھەر ئىككى ھالەتتە، بەدىئىي تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئۆز سىماسى-غا تارىخنىڭ يۈكسەك ئىلغار تەندەنسىيىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن قەھرىمانلارنى ئىجابىي قەھرىمان دەپ ئاتايمىز.

دۇنيا ئەدەبىيات-سەنئەت تەجرىبىسىنى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئىجابىي قەھرىماننى تۆۋەندىكىچە تەرىپ بېرىش مۇمكىن:

مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئىلغار تەندەنسىيىلىرىگە ماس ۋە ھاياتتىكى يازغۇچى غايى-سىگە مۇۋاپىق تەرىپلەرنى تەستىقلاشقا قادىر ئوبرازلار ئىجابىدۇر. ئادەتتە مۇنداق ئوبرازلار جەمئىيەتنىڭ ئىلغار تەندەنسىيىلىرىگە ماس ھالدا بىرەر غايىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياكى بىرەر ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە ياكى جەمئىيەتنى تەھدىتكە ئۇچرىتىۋاتقان بىرەر پالاكەتنى قايتۇرۇشتا جان پىدالىق بىلەن كۆرەش قىلىدۇ. شۇ-مەنىدە ئىجابىي قەھرىمان يازغۇچى تەپەككۇرىدىن ئۆتكەن، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە خەلق ئىدېئالىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئىدېئالى ئىلغار جەمئىيەت خەلق ئىدېئالىغا توغرا كەل-مىسە، يارىتىلغان ئىجابىي ئوبرازلار تولۇق چىققان ئوبرازلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن

بولىدۇ. مانا شۇ مەنىدە ئىجابىي قەھرىمان يارىتىش مەسىلىسى بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ باشقا مەسىلىلىرىدەك ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ يازغۇچى سۈپىتىدە توغرا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشىدۇر.

تۆمۈر خەلپە «ئىز» رومانىدىكى باش ئىجابىي قەھرىمان بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا ئىجابىي قەھرىمانغا بېرىلگەن تەرىپكە تولۇق ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات پروزىسىدىكى XX ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيا ۋە دۆلىتىمىزدە خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ئۇلۇغ ۋەقەلەر بىلەن يىلتىزداش بولغان، شەرقىي شىنجاڭدا يۈز بەرگەن، تارىختا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» سۇژىت قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە يارىتىلغان باش ئىجابىي قەھرىماندۇر. تۆمۈر خەلپە، تارىختا ئۆتكەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي رېئال قاتناشچىسى ۋە يولباشچىسى بولسىمۇ، «ئىز» رومانىغا پروتوتىپ قىلىپ ئېلىنغان. ئەمما ئۇ، «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىكى تۆمۈر خەلپىدىن ئىبارەت تارىخىي شەخسنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ «ئىز» رومانىدا يارىتىلغان بەدىئىي تىپىك ئىجابىي قەھرىماندۇر..

دۇنيا ۋە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىجابىي قەھرىمان يارىتىش تەجرىبىلىرىنىڭ خىللىرىغا قارىغاندا، تۆمۈر خەلپە سىنىپىي مىللىي ئويغىنىش خاراكتېرىدىكى قەھرىمانلار تىپىگە كىرىدۇ. بۇنداق ئوبرازلار مەلۇم بىر ھاياتنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقلىرىنى تونۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئوبرازلار ئەدەبىيات تارىخىدا ئويغىنىش كۆز قارىشى ئاساسىدا يارىتىلغان ئوبرازلار دەپ ئاتىلىدۇ. رۇس ئەدەبىيات تارىخىدا ئىجابىي قەھرىمان يارىتىشنىڭ بۇ تىندىنسىيىسىنى م. گوركىنىڭ «ئانا» رومانىدا كۆرسەك، ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەمزە ھەكىمزادە نىيازىنىڭ «باي بىلەن خىزمەتچى» سىدىكى غۇپۇر ئوبرازىدا كۆرىمىز. ھەمزە ھەكىمزادىدىن كېيىن بۇ ئىشقا ئاتاقلىق ئۆزبېك يازغۇچىسى ئايبېك ۋارىسلىق قىلىپ «قۇتلۇق قان»، «ئۇلۇغ يول» رومانلىرىدا يولچى، ئۇنىسىن، ئۆمەر ئەلى ئوبرازلىرىنى ياراتتى. ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا كېيىنرەك بۇ خىلدىكى ئوبرازلارغا ئەسقەر مۇختارنىڭ «ھەدە-سىڭىللار» رومانىدىكى ئانارخان، غ. غۇلامنىڭ «مەشئەل» رومانىدىكى باتۇر ئەلى، «فەرغانە تاڭ ئاتقىچە» رومانىنىڭ قەھرىمانلىرىنى مىسال قىلغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي ئىنقىلابىي تىپلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، مېھنەتكەش خەلق ئېڭىنىڭ ئويغىنىش، شەكىللىنىش جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي بۇرۇلۇش رۇس ئەدەبىياتىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يول گۈزەللىك قوشقان ئىكەن. بۇ ھال ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى گۈزەللىكنىڭ

توپ مەنبەسى ئىجتىمائىي ھايات ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ.

ئويغىنىش كۆز قارىشى ئاساسىدا يارىتىلغان ئوبرازلاردا يازغۇچى كۆپ ئورۇننى ۋاقىت ۋە دېتاللاشتۇرۇلغان تەسۋىرلىرىنى قەھرىمانلار خاراكتېرىدىكى جەرياننى ئاساسلايدىغان چوڭ كىچىك ۋەقەلەرگە بېغىشلاشقا مەجبۇرى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىلدىكى ئوبرازلاردا قەھرىمان پائالىيىتى تولۇق كۆرسىتىلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق شۇنداق ئەسەرلەر باركى، ئۇلاردا ئويغىنىش ۋە پائالىيەتچانلىق باراۋەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ماكسىم گوركىنىڭ «ئانا»، ن. ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانلىرىدا ئويغىنىش ۋە پائالىيەتچانلىق ئەنە شۇنداق. «قۇتلۇق قان» دا بولسا، يازغۇچى رومانىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئويغىنىشقا ئاجرىتىدۇ. «ئىز» رومانىنى «قۇتلۇق قان» رومانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يولچى ئوبرازىدىن تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئېستېتىك ۋە ئىجتىمائىي قىممەت جەھەتتىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئاپتور تۆمۈر خەلپە ئوبرازىدىكى ئويغىنىش دەۋرىنى 28 بابلىق رومانىنىڭ 5-بابىدىلا تەييارلاپ ئۈلگۈرىدۇ. بۇ بەش بابتىكى ۋەقەلەرنىڭ تىپىكلىك دەرىجىسى يازغۇچىنىڭ ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يېتەرلىك پاكىت دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ بەش بابتىكى ۋەقە تۆمۈر خەلپە ئۆز خەلقىنى ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىن بىر يولى «قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىش» ئىكەن دېگەن خۇلاسىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا رومانىنى ئوقۇۋاتقان كىتابخان ھېچ قانداق گۇمان قىلمايدۇ. 5-بابتىن تا 28-بابقىچە تۆمۈر خەلپىنىڭ رەھبەرلىكىدە جەمئىيەتنىڭ ئېزىلگۈچى سىنىپ قاتلىمى دېھقان - چارۋىچىلارنى يادرو قىلغان ئازادلىق-ئەركىنلىككە تەشنا پۈتۈن جەمئىيەت قاتلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ مانجۇ ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ تۆۋرىكى شاھمەخسۇت ۋاڭنى چۆرىدىگەن ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن تېخىمۇ تىغ ئېلىشىشىغا بېغىشلىنىدۇ. ھايات-ماماتلىق بۇ جەڭلەر جەريانىدا ئازادلىق - ئەركىنلىك سىماسى بولغان رومانىنىڭ باش قەھرىمانى تۆمۈر خەلپە بالداقمۇ - بالداق ئۆسۈپ يېتىلىپ بارىدۇ.

ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازلىرىنى يارىتىپ گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاش ئەدەبىيات-سەنئەتتە قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىسە، پاجىئەلىك ھالەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاشمۇ شۇ دەرىجىدە مۇھىمدۇر.

— بەزى ئورۇنلاردا پاجىئە مۇكەممەل ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتقان پەيتلەردە ھەم كۆزگە تاشلىنىدۇ. گەپ شۇ جايدىكى نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردە ئىنسانلىق، كۈرەشچانلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۈلگە بولارلىق قەھرىمانلار ھاياتى پاجىئە بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. بۇنداق پەيتلەردە سەنئەتكار ئۆزىنىڭ گۈزەللىك پرىنسىپلىرىنى ئىككى يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بىرىنچىدىن ئىلغار شەخسنىڭ كىتابخان تاماشىبىنلارغا ئۈلگە بولارلىق ئىجابىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرىنچى پىلانغا چىقارغان ھالدا

تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا قانداقتۇ ھەۋەس ئويغىنىدۇ. شۇ يول بىلەن كىتابخانىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تەسىر ئۆتكۈزىدۇ. قەھرىمان خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنى ئۇنىڭغا يۇقتۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن قەھرىمانىنىڭ پاجىئەلىك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ، كىتابخانىنىڭ ئەجابىي قەھرىمان خىسلەتلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئالغان روھىي بايلىقىنى يەنە بىر باراۋەر ئاشۇرىدۇ. «ئىز» رومانىدا يۇقىرىقى ئىككى ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىسىگە ئىزچىللاشتۇرۇپ قوللىنىلغان. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان تۆمۈر خەلپە خاراكتېرى كىتابخانغا باشتىن ئاخىر ناھايىتى چوڭقۇر ئېستېتىك روھىي ئوزۇق بېرىدۇ. ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى بولسا كىتابخان ئالغان روھىي تەسىرنى يەنە بىر بالداق ئۆرلىتىپ كىشى قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. بۇ پاكىت شۇنى كۆرسىتىدۇكى ئەدەبىيات سەنئىتىدە پاجىئە نۇرغۇن جايلاردا مۇكەممەل ئەجابىي قەھرىمان يارىتىشنىڭ كۈچلۈك ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تۆمۈر خەلپە مەككار ياڭ زېڭشىڭنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم قورallıq قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولىدۇ ۋە ئاخىرقى قېتىم ياڭ جاڭجۇڭنىڭ تۆمۈر ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ ھاياتى قىل ئۈستىدە قالغاندا ئۇنىڭ جاللات ياڭجاڭجۇڭ بىلەن يۈزمۇ - يۈز ئېلىشىپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى قەھرىمان خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنى ۋايىغا يەتكۈزىدۇ:

— بۇ گەپچە سەندە زادى گۇناھ يوق ئىكەندە — دېدى ياڭ جاڭجۇڭ.

— سىلەرنىڭ ھىيلە - مىكىرىڭلارغا ئالدانغىنىمدىن بۆلەك گۇناھىم يوق.

— گىلاۋخۇيچىلار بىلەن تىل بىرىكتۇرۇپ، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىڭچۇ؟

— يالغان.

— قۇمۇلدا ئىسيان چىقىرىشقا ئادەم ئەۋەتكىنىڭچۇ؟

— يالغان.

— خۇسەيىن بايدىن يۈز تال مىلتىق سېتىۋالغىنىڭمۇ يالغانمۇ؟

— يۈز تال ئەمەس ئەللىك تال.

— بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

— سىلەر بىزنىڭ قېنىمىزنى تۆكسەڭلار گۇناھ بولماي، بىز ئۆزىمىزنى قوغداشقا ھەرىكەت قىلساق گۇناھ بولامدۇ؟

— سىلەرنى نېمە قىلسا شاھمەخسۇت ۋاڭ قىلدى. مەن ئارىغا چۈشۈپ پۇقرانىڭ يۈكىنى يېنىكلەتتىم. قان تۆكۈلمىسۇن دەپ، سىلەرنى ياراشتۇردۇم. ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنى ئەيىپلەيسەن؟

— توغرا، شاھمەخسۇت بىزنى قىلىچ بىلەن قىرماقچى ئىدى. ياڭجاڭجۇڭ جانابلىرى قىلىچىنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋال پۇت - قولىنى چۈشەپ ئالساق، پىچاق بىلەنلا بوغۇزلىغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشنى ئاسانلاتتى. جاڭجۇڭ جانابلىرى جاللاتلىقتا شاھمەخ-

سۈتتىن ئۈستىراق ئىكەنلا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟①

تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆلىمى ئەمەلىيەتتە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بەربات بولۇش پاجىئەسىدۇر. ئۇ شۇ چاغ جاھان ۋە جۇڭگو ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا: ف. ئېنگېلسنىڭ پاجىئە توغرىسىدىكى «تارىخىي جەھەتتىن زۆرۈر بولۇپ قالغان تەلەپ بىلەن بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى پاجىئەلىك كوللىزىيەدۇر»② نىڭ قانۇنى كونكرېتنى رېئاللىستىك بەدىئىي ئىپادىلىنىشتۇر، خالاس! شۇڭا بۈيۈك رۇس دېموكرات تەنقىدچىسى بېلىنسكى پەقەت ئالىي تەبىئەتلىك ئادەم تراگېدىيىنىڭ قەھرىمانى ياكى قۇربانى بولالايدۇ. چۈنكى ۋەقەلىكنىڭ ئۆزىدە ئەھۋال شۇنداق» دېگەن ئىدى.

روماندا تۆمۈر خەلپىدىن قالسا ئاساسلىق قەھرىمانلارنىڭ بىرى قارا بوسۇق، قارا بوسۇق ھاياتىمۇ پاجىئە بىلەن تاماملىنىدۇ، قارا بوسۇقمۇ ھەقىقىي تراگېدىيىنىڭ قەھرىمانىمۇ؟ بۇ ئوبرازمۇ تۆمۈر خەلپە ئوبرازىدەك ئېستېتىك قىممەتكە ئىگىمۇ؟ ياق ئۇنداقتا ئاپتور بۇ قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدا ئېستېتىك پرىنسىپلارغا قانداق ئەمەل قىلىدۇ؟

شېكسپىرنىڭ «ئوتېللو» سىدا باش قەھرىمان ئوبرازى تەسۋىرىدە بىز ئۈچۈن كۈچلۈك ئىنسانىي مۇھەببەت بار. مۇھەببەت ۋە مەرتلىكتىن تاشقىرى بىزگە ئۆلگە بولارلىق ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، دىرامىنىڭ ئىككىنچى قەھرىمانى — دېزدېمانەدىمۇ ۋاپادارلىقتىن باشقا بىزگە ئۆلگە بولارلىق ھېچ نەرسە سېزىلمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «ئوتېللو» دىكى ئوبرازلار كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئىدېئاللار ئاساسىدا كۆرەشكە چۈشكەن ئوبرازلار ئەمەس. بىراق، ئەسەر كاتتا پاجىئە بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. پاجىئە ئاساسىي ئېغۋا نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەرزىمەيدىغان بىر خاتالىق. لېكىن بۇ خاتالىقتىن شۇ مۇھىتتىكى قارا كۈچلەر يېتەرلىك ھالدا پايدىلىنىپ كېتىدۇ. «ئوتېللو» دىكى پاجىئە كىتابخان ۋە تاماشىبىنلار روھىغا شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق تەسىر قىلىدۇكى، ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىق، بىرىنچى قاراشتا ئەرزىمىگەن خاتادىن كېلىپ چىققاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەسلىدە غەيرىي ئىنسانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بۇ مۇھىتتىكى زىددىيەتلەر نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن. شېكسپىر مانا بۇ پاجىئە ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرىقى ئىدېئالىنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە شۇ مۇھىت ئۈستىدىن ئۆز ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك ئەنە شۇ ئىدېئال كۈچى ۋە ماھىيەتكە باغلىقتۇر. بىزگە تەسىر قىلىدىغىنى شېكسپىر ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ قەھرىمانلار تەقدىرىنىڭ ئېقىمىغا سىڭدۈرۈلگەن ئەنە شۇ ماھىيەتلىك تەرەپتۇر.

«ئىز» رومانىدىكى قارا بوسۇقنىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق ئاپتور قارا بوسۇق ۋە

---

① «ئىز» رومانى 392 – 393 – بەتلەر.

② ماركس ۋە ف. ئېنگېلس «سەنئەت توغرىسىدا» 1 – توم 75 – بەت رۇسچە.

قارا بوسۇقچىلار ماڭغان خائىنلىق يولىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ مۇقەررەر دەھشەتلىك ئاقىۋىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئاپتور بۇ جايدا ھاياتنى ۋە ئۇنىڭدىكى زىددىيەتنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ساتىرىك نۇقتىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ كىتابخاننى مۇنداق ھاياتتىن يىرگەندۈرۈپ غەزىپىنى قوزغايدۇ. بۇ جايدا گۈزەللىك ئاپتور ئىدېئالىدىكى ئەشۇ ئەھۋالغا قارىتا چىقارغان ھۆكمى، كىتابخانلاردا غوزغالغان غەزەپ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

رومانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئۆزىنىڭ جاسارىتى بىلەن بىزگە سۆيۈملۈك كۆرۈنگەن قارا بوسۇق رومانىنىڭ ئاخىرىدا شەخسىيەتچى، خائىن سەيپۇڭ توختىنىڭ كەينىگە كىرىپ خەلقنىڭ ئىسسىق قان بەدىلىگە كەلگەن ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ مېۋىسىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى، راھەت پاراغىتىنى كۆزلەپ خەلقنىڭ تارىخىي دۈشمىنى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي شىنجاڭدىكى تۆۋرۈكى شاھ مەخسۇتقا سېتىۋېتىدۇ. نەتىجىدە خەلق ئىنقىلابىي قانداق ئېچىنىشلىق ۋە دەھشەتلىك ئاقىۋەتكە دۇچ كەلسە، قارا بوسۇق ھاياتىمۇ شۇنداق دەھشەتلىك ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ماھىيەتتىن ئالغاندا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپىغا تەۋە دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنىڭ روماندا بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. شۇڭا روماندا قارا بوسۇق پاجىئەسى كىتابخان قەلبىدە ئېچىنىش ئەمەس ئىبرەت ئېلىش، پۇشايمان، غەزەپ قوزغايدۇ. مانا بۇ ئاپتور ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ ھاياتقا ساتىرىك، رەت قىلىش ھۆكۈمىنىڭ كىتابخانغا ئۆتكۈزگەن تىندىنسىيىسىدۇر.

يۇقىرىدا پاجىئە ئىجابىي قەھرىمان يولدىشى، دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرگەندە پاجىئە مەسىلىسى يۈزىسىدىن يورۇتۇلغان پىكىرلەر شۇ نۇقتىغا ئېلىپ كېلىدۇكى پاجىئە قايسى دەرىجىدە ئىجابىي قەھرىمانغا يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولسا، ئېستېتىك يەنە بىر كاتېگورىيىسى ھاياتنى كومىك ۋە ساتىرىك ئۆزلەشتۈرۈش شۇ دەرىجىدە پاجىئەگە يولداش بولىدۇ. لېكىن دۇنيادا ھەقىقەت نىسپىي بولغىنىدەك بىزنىڭ بۇ پىكىرىمىزمۇ مۇتلەق ئەمەس نىسپىيدۇر. چۈنكى ھەممە پاجىئەلىك ئەسەرلەردە كومىك، ساتىرىك ئېلېمېنتلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىۋەرمەيدۇ.

ئۆزبېك سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولغان «قۇتلۇق قان»، «ناۋايى»، «ئۇلۇغبېك خەزىنىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «ئىز» رومانىمۇ پاجىئەلىك ئەسەرلەر بولسىمۇ روھىمىزدا كومىك كەيپىيات ئويغانمايدۇ، ئەكسىچە بۇ ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ بىر ئىنسان سۈپىتىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى يۈرىكىمىزدە ئېچىنىش پەيدا قىلىپ روھى ھالىتىمىزدە غەزەپلىك بىر كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىراق يۇقىرىدىكى رومان قەھرىمانلىرىغا باغلىق ۋەقەلەردىن ئۆزىمىزنى بىر ئاز يىراققا ئېلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنسان ئەقلىي كامالىتىنى ھېسابقا ئېلىپ ئۇلار ياشىغان دەۋرلەرگە يىراقتىن نەزەر تاشلاپ، ئىنسان ھاياتىنى قاراڭغۇ تۈن بىلەن بېزىمەكچى

بولغانلار، يولىنى توساش ئۈچۈن جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلغان قارا كۈچلەرنىڭ
قانچىلىك دەرىجىدە ھىيلە - نەيرەڭگەر ئىشلەتكەنلىكىنى، ئىنسان قىلىپىدىن چىقىپ ئەڭ
قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىن يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتمۈشىمىز ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلى-
مىز. دېمەك بۇ ئەسەرلەردىكى ۋەقەلەر كونكرېتنى پاجىئە سۈپىتىدە بىزنى ئىچ - ئىچىمىزدىن
ئېچىندۇرسا، ئومۇمىي جەمئىيەتنىڭ شۇ دەۋردىكى ھالىتى بىزدە كۈلكە، مەسخىرە كەيپ-
پىياتىنى تۇغدۇرىدۇ. كارل ماركسنىڭ «تارىخ ھاياتنىڭ كونىرىغان شەكىللىرىنى
قەۋرىگە ئەۋەتىپ ناھايىتى ئاساسلىق ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە قاتار باسقۇچلاردىن
ئۆتىدۇ. جاھان تارىخىي شەكىلنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى شۇ شەكىلنىڭ كومېدىيىسىدۇر...
نېمە ئۈچۈن تارىخ مۇنداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟ چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن
كۈلۈپ خەيرلىشىشى ئۈچۈندۇر.»① دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسىمۇ ئەنە شۇ بولسا كېرەك.

ھايات گۈزەللىكىنى ئۇلۇغلاش پەقەت بىۋاسىتە ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازىنى
يارىتىش، خاراكتېرلارنىڭ پاجىئەلىك ھالەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇلارغا يول-
داش ۋاسىتە سۈپىتىدە ھاياتنىڭ كومىك - ساتىرىك مومېنتلىرىنى تېرىپ - تۆشەپ يىغىش،
شۇ يول بىلەن يازغۇچى ئىدېئالىدىكى ئىجابىي كۈچلەرنى رېئال ئەكس ئەتتۈرۈشتىنلا
ئىبارەت بولماستىن، پۈتۈن ئوبرازلار سىستېمىسى بىلەن، پۈتۈن مەزمۇن ۋە شەكىل
بىرلىكى بىلەن كومىك - ساتىرىك ئەسەرلەر يارىتىشقا ھەم تىرىشىش. بۇ خىلدىكى
ئەسەرلەردە يازغۇچى ئىدېئالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازى بىرىن-
چى پىلاندا تۇرۇشى شەرت ئەمەس، بەزى چاغلاردا ئىجابىي قەھرىمان ئەسەر ۋەقە-
سىدە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ن. ف. گوگولنىڭ «ئۆلۈك
جانلار» رومانىدا يازغۇچى ئىدېئالىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئىجابىي قەھرىمان ئوبرا-
زىنى كۆرمەيمىز. بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ «رېۋىزور» كومېدىيىسى تېخىمۇ خاراكتېرلىكتۇر.
مەلۇمكى بۇ كومېدىيىدىمۇ، يازغۇچى ئىدېئالىنى ئىپادىلەيدىغان بىرەر ئىجابىي ئوبراز
يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭدا قاتنىشىدىغان ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىرەر تەرىپى
بىلەن كومىك - ساتىرىك پىلانىدا يارىتىلغان. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە ھايات گۈزەل-
لىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل يازغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. گوگول بۇ ھەقتىكى مۇنا-
زىرىلەرگە «ھېچكىم پىيەسىدە مەۋجۇت ھالال شەخسنى كۆرمەپتۇ. ھە، پىيەسىدە ئۇنىڭ
بېشىدىن - ئاخىرىغىچە ھەرىكەت قىلغۇچى بىر ھالال، ئالىي جاناب شەخس مەۋجۇت
ئىدى. ئۇ ھالال، ئىجابىي شەخس - كۈلكىدۇر» - دېگەن ئىدى. بۇ جايدا كۈلكە يازغۇچىنىڭ
غايىۋى پوزىتسىيىسىنى ۋە ئېستېتىك ئىدېئالىنى توشۇغۇچى «شەخس» سۈپىتىدە مەي-
دانغا چىقىدۇ. بۇنداق ئەسەردە ۋەقەلەرنىڭ تەسۋىرى خاراكتېرلارنىڭ ئىش ھەرىكەت-
لىرى يازغۇچى ئىدېئالىنى ئاساسىدا ئىنكار قىلىنىدۇ. كىتابخان ئەسەرنى ئوقۇپ، تا-

① كارل ماركس، ف. ئېنگېلس ئەسەرلەر 1- توم 1959 - يىل نەشرى رۇسچە 403-بەت

ماشىنىلار ئۇنى سەھنىدە كۆرۈپ، ئوقۇغان كۆرگەن ھايات ماتېرىياللىرىدىن يىرگىنىپ ئۇنداق ھاياتنى ئىنكار قىلىپ رەت قىلىدۇ. يازغۇچى مانا شۇ ئىنكاردىن ئۆزىنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋ. گ. بېلىنىسكى ھاياتنى كومىك ـ ساتىرىك يوللار بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ۋە بۇ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئىدېئال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختاپ: «... يۇقىرى ئىدېئال نۇقتىئىنەزەرىدىن تۇرۇپ ئىپادە قىلىنغان ئىنكارلارلا جازىبدار ۋە پوئېتىكتۇر»① دېگەن ئىدى. دېمەك يۇقىرى ئىدېئال بىلەن يارىتىلمىغان كومىك ـ ساتىرىك ئەسەر قۇرۇق مەسخىرىۋازلىقتىن نېرى بارالمايدۇ.

ئەندى مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كەلسەك بەدىئىي ئەسەردە ئىجابىي قەھرىمانلار قانداق پىلاندا يارىتىلمىسۇن ـ مەيلى تەستىقلاش پىلانىدا ياكى ئۆتمۈشنىڭ قەبىھ تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ۋاستە سۈپىتىدە يارىتىلمىسۇن ھەر ئىككىسىدە مۇقەررەر ھالدا ئىككى قۇتۇپ بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خاراكتېر زورۇر ئىستېتىك غايىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئىنسان ئوبرازىنىڭ بەدىئىي شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماركسىتىك ئىستېتىكىنىڭ توپ پرىنسىپلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغان ھايات كونفلىكتىدىن ئايرىلالمايدۇ. كونفلىكت ھاياتتىكى رېئال قارىمۇ ـ قارشىلىقلارنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئەسەردە سيۇژىتنى ھەرىكەتكە سالغۇچى ئاساسىي كۈچ، راۋاج بەرگۈچى پورژىنا، رىجاگدۇر. سيۇژىتنى ئەسەر ئىسكىلىتى دەپ پەرەز قىلساق، كونفلىكت ئۇنىڭغا جان بېرىدىغان، ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان يۈرەكتۇر. شۇنداق ئىكەن ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش بولماسلىقىدا كونفلىكت ھەل قىلغۇچى ئامىل ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

«ئىز» رومانىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بىرى شۇكى بەدىئىي خاراكتېرلارنى شەكىللەندۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ يادروسى بولغان كونفلىكت ئەينى زامان سىنىپىي زىددىيىتىنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى مەركەز قىلغان، باشقا زىددىيەتلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغان ھالدا قۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ كەڭ سىنىپىي تەبىقىلىرى ئەنە شۇ مەركىزىي زىددىيەتنى دەۋر قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، رومان سيۇژىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە بەدىئىي خاراكتېرلار يارىتىدۇ. مۇنداق رېئال تارىخىي كونفلىكت ئاساسىدا راۋاجلانغان سيۇژىت ئارقىلىق شەكىللەنگەن بەدىئىي خاراكتېر ـ ئوبرازلار كىتابخاننى ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۆز تەقدىرلىرىنى رومان قەھرىمان تەقدىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ ئۇلاردا ياكى نەپرەتلىك، ياكى خۇشاللىق ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

رومان كونفلىكتىنىڭ بىر تەرىپىنى ئىجابىي قەھرىمانلار: تۆمۈر خەلپە، ئېلى پالگان، خوجىنىياز پالگان، نىياز پالگان، تۇرپاق ئوزخوجاخمەت، سەپەرقۇل، ئامانقۇل،

① ۋ. گ. بېلىنىسكى تولۇق توپلىمى 13 ـ توم 294 ـ بەت رۇسچە.

رەۋىخان موماي، نۇرۇل بوۋاي، ئەنسەرى، قاسىم قىزىق، راجى بالا، نوشىرۋان تەيجى، نورۇز داموللا، گامازا، ئاي قىز، گۈل قىز، ھۆسنارىخان ...... قاتارلىقلار تەشكىل قىلسا، يەنە بىر تەرىپىنى: سەلبىي قەھرىمانلار: ياڭ زېڭشىڭ، يۈەن داخۇا، لى شىفۇ، مافۇشىڭ، يى شىڭفۇ، شاھ مەخسۇت، نىياز دورغا، ئوۋەيىس مۇفتى، قىزبەگ، ھاشىر تەيجى، ئەمەت كۆرۈك، گايىت پاششاپ، سايىم ئۈچپىگى، نەزەر، خامۇش بەگ، ياقۇپ ياساۋۇل، ئاخۇن قارى، سايىت تۆگچى ... قاتارلىقلار تەشكىل قىلىپ سۈژىت راۋاجلاندۇرۇلۇپ يۇقىرىقى بەدىئىي خاراكتېرلار يارىتىلىدۇ.

روماندا بىز كونفلىكتنىڭ بىرىنچى قۇتۇپتىكى ئىجابىي قەھرىمانلارنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلارغا خەيرى خالىق قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتىغا شېرىكلىشىپ، ئۇلاردىكى ئۇلۇغ ئىنقىلابىي روھ، ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ، روھىمىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز. ئەندى رومانىدىكى يۇقىرىقى سەلبىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا ئۇلاردىكى غەيرى ئىنسانىي پەزىلەت، بۇ توپەيلى مەيدانغا چىققان قەبىھلىك چەكسىز نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇ. بىز ئۇلارغا بارلىقىمىز بىلەن لەنەت ئوقۇپ ئۇلارنى قارىلايمىز ۋە ئۇنداق ھاياتنى ئىنسانىي قەلبىمىزدە ئويغانغان غايەت زور ئاچچىقىمىز بىلەن رەت قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر ئەسەردە گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆرىمىز. بىرى ھاياتنىڭ يورۇق تەرەپلىرىنى ئۇلۇغلاش، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ مۇدھىش تەرەپلىرىنى ئۇلۇغلاش.

ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقىدەك ئەسەردە ھاياتنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى قۇتۇپىنى تەسۋىرلىمەستىن تۇرۇپ، بەدىئىي ئەسەرنى مەزمۇن جەھەتتىن رېئالىستىك قۇۋۋەتكە ئىگە قىلغىلى بولمىغىنىدەك، بەدىئىي جەھەتتىن كىتابخانلارنى ئىشەندۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. ھاياتنىڭ يورۇق ۋە قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى بەدىئىي ئەسەردە ياھاتتا قانداق بولسا شۇنداق ئوبيېكتىپ رېئالىستىك ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىش ماركسىستىك ئېستېتىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. سەنئەتكار يازغۇچى ئەسىرىدە ئىككىنچى قۇتۇپ يەنى ئىجابىي - سەلبىي قەھرىمانلار تەسۋىرىدە ئۆز ھاياتىي تەجرىبىلىرى ۋە تالانت يۆنىلىشلىرى ئاساسىدا ئىش كۆرىدۇ.

بەزى يازغۇچىلار كومىك - ساتىرىك ئۇسۇللىرىنى ئەۋزەل كۆرسە، بەزىلىرى بىۋاستە ئىنكار قىلىش يولىنى لايىق كۆرىدۇ. «ئىز» رومانىنىڭ ئاپتورى بىزنىڭچە رومانىدىكى ھايات ماتېرىيالىنىڭ ئۆزى «ئىنكار» قىلىش ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئەنە شۇ يول بىلەن ماڭغان بولسا، ئىككىنچىدىن ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئاپتورنىڭ تالانت يۆنىلىشى يۇقىرىقى يولغا مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاپتور ئۈچۈن روماندا ھاياتنىڭ ساتىرىك ۋە كومىك تەرەپلىرىنى ئالدىنقى پىلانلاردىن بىرىگە چىقىرىپ تەسۋىرلەشتىن كۆرە ھەققىي ۋە ھاياتىي مەنتىق

ئارقىلىق «ئىنكار» قىلىش ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتە گۈزەللىكنى ئۇلۇغلاش ۋە شۇ ئارقىلىق كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلار روھىي دۇنياسىغا تەسىر ئۆتكۈزۈش ئاساسەن تۆت يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ بىرى ئەڭ مۇھىمى سەنئەتكار جەمئىيەتنىڭ ئىلغار ئەزالىرى ئىدېئالىغا توغرا كېلىدىغان ئىجابىي قەھرىمان ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى يارىتىش، ئىككىنچىدىن ئىجابىي قەھرىمان ئوبرازى تەسۋىرىگە باغلىق بولغان پاجىئەلىك ھالەتلەرنىڭ تەسۋىرىنى بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئېستېتىك ئىدېئالنى ئۆتكۈزۈش، ئۈچىنچىدىن ھاياتنىڭ خۇنۇك ۋە كۈلكىلىك تەرەپلىرىنى ھەجۋىيات ۋاسىتىسىدا ئىنكار قىلىش، تۆتىنچىدىن ھاياتنىڭ خۇنۇك تەرەپلىرىنى مەنتىقى ئىنكار قىلىپ تۇرۇپ سەنئەتكار ئىدېئالىنى، جۈملىدىن ھاياتتىكى گۈزەللىكلەرنى ئۇلۇغلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش. «ئىز» رومانىدا يۇقىرىقى ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ئىنسان ئىستىداتى، ئەقىل-زاكاۋىتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن گۈزەللىكنىڭ نەمۇنىسى بولغان ھالدا ئىنسانىيەت مەنىۋى خەزىنىسىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا ھەربىر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە بىر «يېڭى سۆز» بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يازغۇچى سەنئەتكارنىڭ ماھارىتىنى بەلگىلەيدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر: غايىۋىلىكنىڭ ئېنىقلىقى، ئوبرازلار سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭدىكى بىرلىك، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم بىر ئىزچىللىقتا تەسۋىرلىنىشى، جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەردە ئوبراز يارىتىشنىڭ بىردىن بىر قورالى بولغان تىلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشى ۋە باشقىلار. ئەنە شۇ مەسىلىلەرنىڭ توغرا ھەل قىلىنىشى ھاياتىي ۋەقە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بەدىئىي ئەسەر گۈزەللىكىنى تەمىنلەيدىغان پاكتورنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«ئىز» رومانىنى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن يېتەرلىك چىققان دېيىشكە تولۇق ھەقلىقمىز. شۇڭا ئۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدىكى «يېڭى سۆز»دۇر.

### ئەلشىر ناۋائىينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

△ ئادەملەرنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈشتە ئالدىرىما ۋە ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن خورلىما.

△ نادان تەرىپىدىن بولىدىغان مەسلىھەتتە خاتانىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر ۋە دۈشمەن نەسىھىتىدە ئالدامچىلىقنىڭ بولۇشى ئېنىق.

△ غەرەزسىز توغرا مەسلىھەت بەرگۈچىلەر دۇنيادا تەڭداشسىز كىشىلەردۇر.

# مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

شىرىن قۇربان

ئىلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىپ چىقىش مۇھىم تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە دۆلىتىمىزنىڭ 7-بەش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ، ئىلىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى زور ئىش.

مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىش — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ تەرتىپكە سېلىشتا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، «جۇڭگو ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ مېغىزى ۋە ھەجمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىي ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان سىياسىي ۋە ئىلمىي خىزمەت.

مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك پرىنسىپلىق مەسىلىلەرنى، ئالايلۇق، ئەدەبىيات بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، قەدىمكى بىلەن ھازىرقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەل ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئەدەبىيات بىلەن دىن، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئەدەبىيات بىلەن ئېتنوگرافىيە، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى، مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسى، ئورتاق مىراس مەسىلىسى، مىللىي ئەدەبىياتنى دەۋرلەرگە بۆلۈش مەسىلىسى، ئەدىب ۋە ئەسەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى مەسىلىسى، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىغان مىللىي ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى، ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى، مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش

مەسىلىسى، يېزىش مېتودى مەسىلىسى ھەممە نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشنى سىياسىيلىكى ۋە ئىلمىيلىقى كۈچلۈك بولغان، سالمىقى زور بىر خىل ئەقلىي ئەمگەك، بىز ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىش، چىقىپ باقمىغان چوققا دېيىشكە بولىدۇ.

قەلەم تەۋرىتىشتىن ئىلگىرى، بىزدە مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىشنىڭ يۆنىلىشى، مەقسىتى، يېتەكچى ئىدىيىسى، بىر قاتار پرىنسىپلىق مەسىلىلەر ۋە يېزىش مېتودى جەھەتلەردە تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق، ئېنىق ۋە روشەن تونۇش، خەلققە، تارىخقا، ئىلىم-پەنگە قارىتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھ شۇنىڭدەك تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىدىغان، ماتېرىياللارنى ئومۇميۈزلۈك، تولۇق ئىگىلەيدىغان، ماركسىزملىق تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل ۋە ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى بەلگىلىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەجمى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تەلەپكە لايىق يېزىپ چىققىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى بىلەن مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى — ئېلىمىزدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا بىر قەدەر ئومۇملۇق خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان پرىنسىپال مەسىلىلەرنىڭ بىرى. شىنجاڭدا بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، رۇس قاتارلىق سەككىز مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا چېگرىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىسى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. بۇ سەككىز مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يازغاندا، بۇ تارىخىي ھادىسىنى قايرىپ قويۇشقا ياكى ئۇنىڭدىن يېنىكلىك بىلەن قېچىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. دەرۋەقە، مىللىي ئەدەبىيات تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىچىدە بۇ مەسىلە بىر قەدەر نازۇك ۋە جىددىي بولۇپ، ئەگەر توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، تارىختىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەت بىلەن دۆلەت دائىرىسىدىكى مىللەت تارىخى (جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخى) غا بېرىپ تاقىلىدۇ. رېئاللىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ دۆلەت بىلەن دۆلەتنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە سىياسىيلىكى ۋە ئىلمىيلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك مەسىلە نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، ئىلمىي ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە بىلەن بۇ قىيىن ۋە نازۇك مەسىلىنى مۇۋاپىق ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە، كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمىسى ئۈچۈن، تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە پىكرىمنى قويۇپ باقىمەن.

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرنەچچە دۆلەتلەردە ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى

مەدەنىيەتلىك خەلق. تاجىك مىللىتى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، ساكلار، توخارلار ۋە باشقا شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ئاساسىدا خېلى بۇرۇنلا تەدرىجىي بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلاپ، ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى ئۆتكۈزۈپ، گۈللەنگەن سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 875 — 999 - يىللار) گە كەلگەندە، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى تاماملانغان.

ھازىرقى ئەھۋالدا، سىياسىي، ئىجتىمائىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد، تىل ۋە باشقا جەھەتلەردىن قارىغاندا، تاجىكلار ھەم ئومۇملۇققا ھەم ئالاھىدىلىككە ئىگە. سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە، تاجىكلار ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدە ياشىماقتا. شۇ سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورنى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل تاجىكلار «تۈزلەڭلىك تاجىكلار» ۋە «تاغلىق تاجىكلار» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تۈزلەڭلىك تاجىكلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجىكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى (جۈملىدىن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى تاجىكلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئافغانىستاننىڭ ھېرات قاتارلىق جايلىرىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى خېلىلا تەرەققىي تاپقان بولۇپ، تىلى ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىي تىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تىلنىڭ ھازىرقى زامان ئىران تىلى (پارس تىلى) بىلەن جۈزئىي يەرلىك شېۋىلەر ۋە چەت تىللىرىنىڭ تەسىرى پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

تاغلىق تاجىكلار دېگىنىمىز، پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندىقۇش تاغ ئېتەكلىرىدە ياشايدىغان تاجىكلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جايلارنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە تۈرلۈك سىياسىي - ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تاغلىق تاجىكلارنى تۈزلەڭلىك تاجىكلاردىن ئۇزاقتىچە ئايرىپ تۇرغانلىقى ھەم ئۆزئارا دائىم ئالاقىلىشىپ كېلەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن، گەرچە ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەئى ۋە تىللىرىنىڭ شەكىللىنىشى بىر بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئالاھىدە پەرقلەر كېلىپ چىقىپ، ھەرقايسى تاجىك ئورتاق ئەدەبىي تىل - يېزىقنى قوللىنىشتىن باشقا، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك تىللىرىنى قوللىنىدۇ. بۇ تىللار ئىران تىل گۇرۇپپىسىنىڭ شەرقىي تىللىرى تارمىقىغا كىرىپ، تىلشۇناسلار ئادەتتە ئۇنى «پامىر تىللىرى» دەپ ئاتايدۇ. تاغلىق تاجىكلار يەنە ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى نامى بىلەن شۇغنان تاجىكلىرى، ۋاخان تاجىكلىرى، زېباك تاجىكلىرى، بەرتەڭ تاجىكلىرى، روشەن تاجىكلىرى، شىكاشۇم تاجىكلىرى، بەدەخشان تاجىكلىرى دەپ ئايرىلىدۇ.

ئېلىمىز تاجىكلىرى تاغلىق تاجىكلارنىڭ ئالاھىدە بىر خىلى بولۇپ، ئۇلار شەرقىي پامىردىن ئورۇن ئالغان تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى «سەرىكوي»①

نامى بىلەن «سەرىكوي تاجىكلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. تارىختىن بۇيان ئافغانىستاننىڭ ۋاخان كارىدۇرىدىن بىر تۈركۈم ۋاخان تاجىكلىرى ئېلىمىزگە كېلىپ، تاشقورغان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشقان. ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرت نامى بىلەن «ۋاخان تاجىكلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

تاجىك ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قەدىمكى ئەدەبىيات. تارىختىن بېرى ھەرقايسى ئەللەردىكى تاجىكلار تاجىك خەلقىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتىنى ئېستېتىكىلىق تەرىزدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مول ۋە رەڭگارەڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ، بىر پۈتۈن تاجىك ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى.

ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتى، بىر تەرەپتىن، ئۇ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئايرىلماس قىسمى. چۈنكى بۇ ئەدەبىيات ئېلىمىز تۇپرىقىدا شەكىللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، ئۇنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى بار. ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ خاسلىقى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. چۈنكى بۇ ئەدەبىيات تارىختا ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تومۇرداش. لوگىكا تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئومۇمى تاجىك ئەدەبىياتى جىنس ئۇقۇم بولسا، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتى تۈر ئۇقۇم بولىدۇ. شۇڭا، ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى بايلىقىدا بىز جۇڭگو تاجىكلىرى باشقا ئەللەردىكى تاجىكلار بىلەن مىراسخور شېرىكمىز. بولۇپمۇ قەدىمكى زامان تاجىك ئەدەبىياتى (مىسالى، كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد زامانىسىدىكى تاجىك ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولغان رەڭگارەڭ ئىلاھلار ئوبرازى يارىتىلغان «تۆت ئىلاھ» ئەپسانىسى، دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە، ئادىمزاتنىڭ يارالمىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە، قۇياش، ئاي قار، شامال، تاغ توغرىسىدىكى ئەپسانىلار، رۇستەم پالۋان رىۋايەتلىرى، زەردۇشىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابى — «ئاۋىستا»① ئەقىدە-تەلىماتلىرى ۋە باشقا خىلمۇ-خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر) بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى (مىسالى، خەلق داستانلىرى، چۆچەك-رىۋايەتلىرى، بېيىت-رۇبائىلىرى، خەلق ماقال-تەمسىللىرى، تاجىك كلاسسىكلىرىنىڭ يازما ئەسەرلىرى قاتارلىقلار) نىڭ ھازىرقىدەك ئېنىق دۆلەت چېگرىسى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى پۈتكۈل تاجىكلارغا، جۈملىدىن بىز جۇڭگو تاجىكلىرىغىمۇ ئورتاق مىراس بولۇپ، ھەممىمىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىمىز. كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، قەدىمكى زامان تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىران پارس-تاجىك ئەدەبىياتى، سوۋېت تاجىك ئەدەبىياتى، ئافغانىستان تاجىك ئەدەبىياتى بولۇپ ئۇقۇملىشىپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئەكسىچە قەدىمكى ئەدەبىيات بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنى ھېچنېمە قالمىغانلىقى، ھەتتا تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىيا-

تىدىكى بىر قىسىم بايلىقلارنىڭ باشقا ئەللەردىكى تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى باشقا ئەللەردىكى تاجىكلارنىڭ ئۆز ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشقا بالدۇر تۇتۇش قىلىپ، ھەممە ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئۆز ئەدەبىيات تارىخىغا كىرگۈزىۋالغانلىقى، بىز بولساق بۇ ئىشقا ئەمدى تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىمىزدىنلا كېلىپ چىققان ئىش، خالاس. تەكىتلەش يۈزىسىدىن گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق، قەدىمكى تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بىرەر ئەلدىكى تاجىك ئەدەبىياتىغىلا خاس بولۇپ كېتىشى توغرا ئەمەس. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تاجىكلارغا، جۈملىدىن بىز جۇڭگو تاجىكلىرىغىمۇ ئورتاق بايلىق. ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئورتاق ۋارىسلىق قىلىمىز، ھەممىمىز ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىمىز، ھەممىمىز ئۇنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا گەۋدىلەندۈرىمىز.

تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىنى يازغاندا، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تارىخىي تومۇرداشلىق مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى بىز جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى ۋە پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلىماقچىمىز. چۈنكى بۇ مەسىلە ئايدىڭ بولمىسا، ئۇنداقىدى، مۇنداقىدى دېگەندەك مۇجمەل چۈشەنچىلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ.

تاجىكلار تارىختا بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەندە، ئۇيەر-بۇيەردە پارچە-پۇرات شەكىللەنگەن ئەمەس. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ماكانىدا، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئورتاق «مىللەت» شەرتلىرىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. تاجىكلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىرنەچچە دۆلەتكە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىدىكى خىلمۇ-خىل تارىخىي سەۋەبلەر ئىچىدە، تارىختىكى چوڭ-كىچىك ئىستىلاچىلارنىڭ ئىستىلاچىلىقى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى جاھانگىر-مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە پارچىلىشى ئاساس سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، تاجىكلار ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى تارىختا نۇرغۇن قېتىم چەت مەملىكەت ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ئىستىلاسىغا ئۇچرىغان. مەسىلەن، ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىستىلاسى (مىلادىدىن ئىلگىرى IV ئەسىر)، ئەرەبلەر ئىستىلاسى (مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى)، (موڭغۇللار ئىستىلاسى XIII ئەسىر) ۋە باشقا ئىستىلالار.

سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن X ئەسىرگە قەدەر) نىڭ مۇنقەرزىدىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئاز كەم ئون ئەسىرلىك تاجىكلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، تاجىكلارنىڭ مۇشۇ ئۇزۇن دەۋرلىك تارىخى چەت مەملىكەتلەر ۋە يات مىللەتلەرنىڭ ئىستىلاسىغا، تاجاۋۇزىغا ۋە بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋرلەردە، تاجىكلارنىڭ ئاھالىسى ئازىيىپ

كەتتى، مەدەنىيىتى ئېغىر دەپسەندە قىلىندى، بىر پۈتۈن تاجىك مىللىتى پارچىلىنىپ،
ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە تەۋە بولۇپ قالدى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، بىر
مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزئارا بېرىپ-كېلىشلىرى ئازىيىپ كەتتى، تاجىكلار رايونىنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بىز
باشقىنى قويۇپ تۇرۇپ پامىر رايونىنى مىسالغا ئالساق، پامىر رايونى ئەسلىدە ئېلى-
مىزگە تولۇق تەۋە ئىدى. پامىر رايونىنىڭ ئاساسلىق يەرلىك ئاھالىسى بولغان تاجىك
خەلقىمۇ ئېلىمىز ئاھالىسى ئىدى. بۇ ھەقتە ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا كۆپلىگەن مە-
لۇماتلار بار. پامىر رايونىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ھەق-
قىدىمۇ ئەڭ دەسلەپ، ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ مۇكەممەل مەلۇمات قالدۇرغان دۆلەت ئېلى-
مىز جۇڭگو ھېسابلىنىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەل-
گەندە، جاھانگىر دۆلەتلىرى ئارىسىدا پامىر رايونىنى تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ
كەتتى. چارروسىيە جاھانگىرلىكى بىرىنچى بولۇپ پامىر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىر-
دى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بولسا ئۆزىنىڭ «شەرقىي ھىندىستان شىركىتى» نى مۇھىم
بازا قىلىپ، تاجىكلار ماكانى كەنجۇت ۋە ۋاخان رايونىغا بېسىپ كىرىپ، چارروسىيە
جاھانگىرلىكى بىلەن شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئالاھىدە
بولغان پامىر رايونىنى تىزگىنلەش ھوقۇقى ئۈستىدە جىددىي رىقابەتلەشتى. بۇ ئىككى
كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت شۇ ۋاقىتتىكى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ زېمىن ئىگى-
دارچىلىقى ھوقۇقىغا پىسەن قىلماي لوندوندا ئۆز ئالدىغا پامىرنى بۆلۈشۈۋېلىش توغ-
رىسىدا «لوندون كېلىشىمى» نى تۈزۈپ، پامىر رايونىنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشتى.
ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سەرىكوي مۇسۇلمانلار دىيارى» ③ (تاشقۇرغان)
غا قاراشلىق سەككىز پامىردىن شەرقتە پەقەت تاغدۇمباش پامىرى④ بىلەن رەڭكۆل پامىر-
نىڭ بىر قىسمىلا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قېلىشتىن باشقا، ۋاخان رايونى
ئەنگلىيە دائىرىسىگە مەنسۇپ بولۇپ قالدى، قالغان پامىرلار چارروسىيىنىڭ ئىشغالىيىتى-
گە ئۆتتى. پامىر رايونىدىكى تاجىكلارنىڭ كۆپ قىسمى چارروسىيە ئىشغالىيىتى ئاستى-
دا چارروسىيىگە تەۋە بولۇپ قالغان بولسا، ۋاخان رايونىدىكى تاجىكلار ئەنگلىيە
ئىشغالىيىتىدىكى ئافغانىستانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئەنگلىيە-ئافغانىستان دائىرىلىرىنىڭ
زۇلۇم-ستەمىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم تاجىكلار جۇڭگو تەرەپكە كۆچۈپ كېلىپ، تاشقور-
غان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ماكانلاشتى. دېمەك، ناھايى-
تى روشەنكى، بۈگۈنكى كۈندە تاجىكلارنىڭ بىرنەچچە دۆلەتكە تارقىلىپ ئولتۇرۇشى
نورمال تەبىئىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئۇ جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى
كەلتۈرۈپ چىقارغان غەيرى نورمال تەبىئىي ئەھۋال. بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن-
دە، جۇڭگو تاجىكلىرى بىلەن ئومۇمىي تاجىكلارنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى بىلگىلى بول-
مايدۇ. پامىر رايونى تارىختا ئېلىمىز ماكانى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئېلىمىزگە تەۋە

ئىكەن، مۇشۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلمىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەۋەلىكى مەسىلىسى لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن خۇلاسىسى ئارقىلىق مۇقەررەر كېلىپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە.

تاجىكلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتمۇ بىر خىل چىرماش مۇناسىۋەت. ئەسلىدە ھازىر ئىراندا ياشاۋاتقان پارسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تاجىكلار ئېتنىك تەركىبى بىر خەلقلەردۇر. ئۇلار ئورتاق ئەدەبىي تىلغا ئىگە. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان «دارى تىلى»⑤ ئەمەلىيەتتە تاجىكلار بىلەن پارسلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى. «دارى تىلى» كېيىنكى دەۋرلەردە دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى ۋە باشقا خىلمۇ-خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەردىن، ئىراندا «پارس تىلى»، ئافغانىستاندا «دارى تىلى» (ئافغانىستان ئاھالىسىنىڭ 40% تاجىك بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ بۇ تىلنى «دارى تىلى» دەپ ئاتايدۇ)، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا «تاجىك تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. كۆپ ئاتىلىق، لېكىن ماھىيەتتە بىر تىل بولغان بۇ تىل ۋە بۇ تىلدا يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر (ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تاجىكلار بىلەن پارسلارغا ئورتاق تىل ۋە ئورتاق ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، تاجىك-پارس تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەدەبىياتنى «تاجىك-پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى» ياكى «پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتى» دەپ ئاتايدۇ. دەرۋەقە، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھەر خىل بولۇشى، سىياسىي چەك-چېگرىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى بىلەن «تاجىك ئەدەبىياتى» بىلەن «پارس ئەدەبىياتى» مېغىزى ۋە ھەجمى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇمغا ئۆزگىرىپ كەتتى. بىزنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە، «پارس ئەدەبىياتى» دېگەندە، ئۇ ئىران زېمىنى ئىچىدىكى ئەدەبىياتنى كۆرسەتسە، «تاجىك ئەدەبىياتى» دېگەندە، ئۇ ئىراندىن باشقا ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋە بۇ تىلدا يارىتىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك ئەدەبىياتىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، تاجىك ئەدەبىي تىلى بىلەن پارس ئەدەبىي تىلى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن، يەنە كېلىپ كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىقلار بولغاچقا، ھازىرقى تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن پارس ئەدەبىياتىدا قانداقتۇ بىر يەر ئەمەس بىر يەردە ئوخشاشلىق ئامىللىرى چىقىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرنى تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدا قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا كەلسەك، بىزنىڭ پىكرىمىز مۇنداق:

ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش، ئورتاقلىقتىن خاسلىققا ئۆتۈش، ئومۇملۇق بىلەن ئورتاقلىق ئىچىدىن ئالاھىدىلىك بىلەن خاسلىقنى سۈزۈۋېلىپ ئۇنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەپ چىقىش — بىزنىڭ تاجىك ئەدەبىيات تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى

بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىز. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئومۇملۇقتىن ئالاھىدىلىككە ئۆتۈش دېگىنىمىز، قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتىنى ئومۇمىي بايان تەرد- قىسىدە بېرىشىنى مۇقەددىمە قىلىپ، تەدرىجى جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە ئۆتۈش دېگەنلىك. ئورتاقلىقتىن خاسلىققا ئۆتۈش دېگەنلىك، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىيا- تىنىڭ ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى ۋە پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى (ئەڭ مۇھىمى ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز تاجىك ئەدە- بىياتىغا بولغان تۈرتكىلىك تەسىرى) نى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىش بىد- لەن بىرلىكتە بارلىق زېھنى كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى، تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇنىڭ خاس قانۇنىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىمىز دېگەنلىك.

تارىخىي يازما ماتېرىياللار، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن دەۋر روھىغا ئاساسەن، بىز، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى تاجىكلار ھەققىدىكى ئومۇمىي باياندىن باشقا، «قەدىم- كى زامان تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، «يېقىنقى زامان تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» ۋە «ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەپ تۆت چوڭ دەۋرگە بۆلۈپ يازماقچى. ئالدىنقى ئىككى چوڭ دەۋرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى يازغاندا، ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى ئومۇمىي بايان سۈپىتىدە يېزىش بىلەن بىرلىكتە ئېلىمىز قەدىمكى زامان تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتىنى ئايرىم تېمىلار بىلەن چېلىقارلىق ئورۇنغا قويۇپ كىرىشتۈرۈپ يازىمىز. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئىككى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىنى يازغاندا، ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىنى بايان، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنى تارىخ سۈپىتىدە يازىمىز.

ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى بىلەن پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن ئېغىز ئاچقاندا، بىز ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق تەسىرىنى كۆپرەك تىلغا ئالىمىز. مىسالى، زەردۇشت دىنىنىڭ مۇقەد- دەس كىتابى — «ئاۋېستا» نى ئالساق، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن ئەقىدىلىرىنىڭ ئېلى- مىز تاجىكلىرى ئارىسىدىكى تەسىرى ھېلىمۇ ھەم ناھايىتى چوڭقۇر. تاجىكلارنىڭ ئەن- ئەنىۋى ھېيت-ئايەملىرى ئىچىدە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان «پىلىك ھېيت» دېگەن بىر ھېيت بار. بۇ ھېيتنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنى ۋە شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ماھە- يىتى ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئوتنى ئېزىزلەش، «ئوت» ئارقىلىق بەخت-سائادەت تىلەشتىن ئىبارەت. مەلۇمكى ئوتقا چوقۇنۇش، ئوتقا سېغىنىش ئىسلامىيەتتىكى ئىش بولماستىن بەلكى زارو ئاستىروئىزم (ئاتەشپەرەستلىك دىنى) نىڭ تۈپ ئىدىيىسى. زارو ئاستىرو- ئىزمنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «ئاۋېستا»دا ئوت بىر قاتار ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئىپادى- لىگۈچى سىمۋول سۈپىتىدە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن. بىزنىڭچە، تاجىكلارنىڭ «پىلىك ھېيت»

ئادەتلىرى زارو ئاستىرۇئىزمىنىڭ تاجىكلار ئارىسىدىكى ساقىندىسىدۇر. بۇ ئەجەبلىنەرلىك
ئەھۋالمۇ ئەمەس. ئاتەشپەرەستلىك دىنى ئەھمەندلار سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىدىن
ئىلگىرى 550 — 331 - يىللار) دا تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن زارو ئاستىرۇ دېگەن
كىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى باكتىرىيە (بۈگۈنكى ئافغانىستان دائىرى-
سىدە) دېگەن جايدا ئوت تەڭرىسىگە نەزىر - چىراق قىلىپ ئىجاد قىلغان. ئۇ يورۇق-
لۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ۋە بۇ ئىككى قارىمۇ - قارشى قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان
يورۇقلۇق ئىلاھى ئاھرۇمازدا بىلەن قاراڭغۇلۇق دىۋىسى ئەخرەمەن ئوتتۇرىسىدىكى
كەسكىن كۆرەشتە ئۆز تەلىماتىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ ئوتنى يورۇقلۇق ۋە بەخت سىما-
سى دەپ سۈپەتلەيدۇ. تاجىكلار تاكى ئىسلام دىنى تاجىكلار ئارىسىغا كىرگەنگە قە-
دەر ئاتەشپەرەستلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئىسلام دىنىمۇ ئۆز پېتىچە ئەمەس، بەلكى
ئۆنى ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ خىمىرتۇرۇچى بىلەن يۇغۇرۇپ ئاندىن قوبۇل قىلغان.
شۇ سەۋەبتىن، ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ تاجىكلار ئارىسىدىكى قالدۇق تەسىرى «پىلەك
ھېيت» ىلا ئەمەس، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە
ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، ئاي ۋە كۈن تۇتۇلغاندا، گۈلخان يېقىش، بالا ئەمدىلا تۇغۇلغان-
دا، ئىشىك بوسۇغىسىدا ئىسرىق سېلىش، چارۋىچىلار يايلاقتىن يايلاققا كۆچكەندە، ئېغىل-
قوتان ئەتراپىغا ئىسرىق سېلىش، ئاغرىق - بىمارلارغا ئوت ئارقىلىق دۇئا - دەستۇر قى-
لىش، ئۆلگەن كىشىنى يەرلىككە قويغان ئاخشىمى قەبرىسى ئەتراپىغا چىراق يېقىش
ۋە باشقىلار. مۇشۇنداق ئەمەلىي تۇرمۇش بايان قىلىنغاندا، «ئاۋىستا» داستانى ھەققى-
دە ئېغىز ئاچمىساق، ئۇ تارىخىي چىنلىق بولمايدۇ - دە: تاجىك كلاسسىكى ئوبۇلقاسىم
فىردەۋسى (مىلادى 940 — 1020 - يىللار) نىڭ بۈيۈك «شاھنامە» ئېپوسى ئېلىمىز
تاجىكلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان. ھازىرمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرى رۇستەم
داستانىدىن ئېغىز ئاچقاندا ياكى رۇستەم پالۋان رىۋايەتلىرىنى سۆزلىگەندە، ئۇنىڭ
«شاھنامە» دىن ئېلىنغانلىقى ياكى «شاھنامە» نىڭ خەلق رىۋايەتلىرى ئاساسىدا
بارلىققا كەلگەنلىكىنى پەرق ئەتمەك بەكمۇ تەس. ئېلىمىز تاجىكلىرى تېخى رۇستەم
پالۋاننى تاشقورغاندا ئۆتكەن تارىخىي شەخس، تاجىكلارنىڭ بوۋىسى دەپ قارايدۇ.
بىز «شاھنامە» ئۈچۈن بەت ئاچقاندا، ئۇنىڭ مىفالوگىيە قىسمى (1 - قىسمى) بىلەن
قەھرىمانلار قىسسى قىسمى (2 - قىسمى) ئۈستىدە توختالغاندا، ئېلىمىز تاجىكلىرى
ئارىسىدا ھازىرمۇ تارقىلىپ ساقلىنىۋاتقان «رۇستەم قەۋرىسى رىۋايىتى»، «رۇستەم بۇ-
لاق رىۋايىتى»، «زىدەكىش بېق رىۋايىتى» (ئۈزۈلگەن تاغ مەنىسىدە)، «بېق - بېقىن
رىۋايىتى» (دۆڭلۈكلەر رىۋايىتى)، «ئافراپسىياپ تېغى رىۋايىتى»، «سەگگى پالۋان
رىۋايىتى» قاتارلىق خەلق رىۋايەتلىرى، «پالۋان بولساڭ رۇستەمدەك بول» دېگەندەك
خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، شۇ
ئارقىلىق «شاھنامە» نىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىكى بىۋاسىتە تەسىرىنى ئەمەلىي

پاكىتلار ئارقىلىق شەرھلەيمىز. تاجىك كلاسسىك يازغۇچى-شائىرلىرىدىن ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (مىلادى 980 — 1037 - يىللار)، ئەبدۇل ھەسەن جاپپار رۇداكى (مىلادى 850 — 940 - يىللار)، ئۆمەر ھەييام (مىلادى 1048 — 1122 - يىللار)، ھافىز شىرازى (مىلادى 1325 — 1389 - يىللار)، شەيخ سەئىدى شىرازى (مىلادى 1203 — 1292 - يىللار)، مەۋلانە جالالىدىن رۇمى (مىلادى 1207 — 1273 - يىللار)، ئابدۇراخمان جامى (مىلادى 1414 — 1492 - يىللار) قاتارلىقلارنىڭ لىرىك شېئىر-رۇبائىلىرى، غەزەل-قەسىدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا شۇ دەرىجىدە ئومۇملاشقان كەتكەنكى، بىر قىسىملىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ، خەلق ناخشا-قوشاقلىرىغا، بىر قىسىملىرى خەلق ماقال-تەمسىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئېلىمىز تاجىكلىرى ئىسلام دىنىنىڭ «ئىسمائىلىيە مەزھىپى»⑥ گە ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىسمائىلىيە مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە شائىرى ناسىر خىسراۋ⑦ (مىلادى 1004 — 1088 - يىللار) ئەسەرلىرى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا مۇقەددەس دەستۇر سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-نەزىر، دۇئا-دەستۇر ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلەردە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، تاجىكلار تۇرمۇشىدىكى ھەربىر دۇئا-پەتىھەلىرىنىڭ خاتىمىسىدە «پىرى شاھ ناسىر خىسراۋ» سۆزى قوشۇلۇپ، ئاندىن «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دېيىلىدۇ. مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى شەرىف» بىلەن «شەمس تەبرىزى» ئەسەرلىرىمۇ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا يۈكسەك دەستۇر سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل بىۋاسىتە تۈرتكىلىك تەسىرىنى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا گەۋدىلەندۈرمەسەك، ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى ئىپادىلىمىگەن، تارىخىي چىنلىققا كۆز يۇمغان بولىمىز.

يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يازغاندا، بىز جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز تارىخىنىلا يازىمىز.

پىكىرىمىزنى خۇلاسە قىلساق، جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تاجىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتىنى جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا مۇۋاپىق كىرىشتۈرۈپ يازىمىز. ئەمما، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۇنىڭغا سالماقلىق ئورۇن بەرمەيمىز، ئاساسىي مەۋقەيىمىزنى يەنىلا مەركەزلىك ھالدا جۇڭگو تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشقا قارىتىمىز. قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك يازىمىز، تالاش-تارتىشتىكى ئەدەبىي ھادىسىلەرنى، ئىلمىي ئىسپاتلاشلاردىن تولۇق ئۆتمىگەن نەرسىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يازمايمىز ياكى زورۇرىيەت نۇقتىسىدىن ئۇدۇل بايان قىلمىمىز. بىز بارلىق تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، ئېلىمىز تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ئەينەن ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىمىز.

يۇقىرىدا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىدا دۆلەت چېگرىسى ۋە مىللەت نەۋەلىكىدىن ھالقىغان ئەدىب ۋە ئەسەرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزەمنىڭ يۈزەكى پىكىرىمنى بايان قىلدىم. پىكىرىمدە نۇقسانلىق يوق دەپ ئېيتالمايمەن. تاجىكلاردا: «كۆپنە ئەقىلمۇ كۆپ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى، تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى، تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىنى يېزىشىمىزغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

(1) «سەرىكوي» — تاشقورغان رايونىنىڭ ئەنئەنىۋى نامى، جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم. بۇ نام تاجىك ئەدەبىي تىلىدا «سەرىكوي»، تاجىك يەرلىك تىلىدا بۇزۇلغان تەلەپپۇزدا «سەرىقول» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نامنىڭ ئېتمولوگىيىلىك مەنىسى مۇنداق: «سەر» سۆزى باش، ئىگىز (سەرتاراش، سەركەردە، سەرلەۋھە دېگەندەك) دېگەننى؛ «كوي» (پارس تىلىدا «كوھ» دېيىلىدۇ) سۆزى تاغ (كوھىستان دېگەندەك) دېگەننى بىلدۈرىدۇ. «سەرىكوي» بولسا «تاغلارنىڭ بېشى»، «ئىگىز يەر» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام مۇشۇ رايوننىڭ رېئال جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى تاشقورغان رايونى «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئىگىزلىكىنىڭ ئەڭ ئىگىز يېرىدىن ئورۇن ئالغان.

(2) «ئاۋېستا» — زەردۇشت (ئاتەشپەرەستلىك) دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى. ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرى IV-ئەسىر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەھېمەنىدلار سۇلالىسى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى) دەۋرىدە خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ئاساسىدا توپلىنىپ، رەتلىنىپ، 12 مىڭ ئاشلانغان قوي تېرىسىگە يېزىلغان 200 مىڭ مىسرالىق شېئىرى كلاسسىك ئەدەبىي مەجمۇئە. ئۇنىڭدا ئاتەشپەرەستلىك دىنىنىڭ تەلىمات-ئەقىدىلىرى، پەلسەپىسى، دىنىي يوسۇن-پەرھىزلىرى، مىلادىيىدىن ئىلگىركى 1400-يىلدىن مىلادى III ئەسىرگىچە بولغان ئىنتايىن ئۇزاق دەۋردىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلىكلەر، قەدىمكى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى، مەدەنىيىتى، پەلسەپە ۋە ئەخلاق قارىشى، ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەئى يېزىلغاندىن تاشقىرى، دىنىي قوشاقلار، زەردۇشت دىنىنىڭ سىمۋولى بولغان-ئوت ھەققىدىكى ئۇلۇغلاشلار، تەبىئەت جەمئىيەت ۋە كائىنات توغرىسىدىكى خەلق ئەپسانە-رىۋايەتلىرى، ماقال-تەمسىللىرى خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، ئاۋېستانى تارىخىي پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ئەمەس، بەلكى ئەينى زامانغا نىسبەتەن مۇكەممەل ئەدەبىي مەجمۇئە دېيىشكە بولىدۇ. ئىسكەندەر ئىستىلاسى دەۋرىدە، ئاۋېستا كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان. ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى III — VII ئەسىرلەر) دە، ئاۋېستا قايتا پەھلىۋى تىلىدا توپلىنىپ رەتلەنگەن.

(3) «سەرىكوي مۇسۇلمانلار دىيارى» — چىنگ سۇلالىسى شىنجاڭدا ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنى بىر تۇتاش باشقۇرغان چاغلىرىدا، تاجىكلار رايونىنى يەركەننىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ، ئۇنىڭغا «سەرىكوي مۇسۇلمانلار دىيارى» دەپ نام قويغان.

(4) «تاغدۇمباش پامىرى» — سەككىز پامىرنىڭ بىرى. پامىر رايونى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىغا ئاساسەن، خورد پامىر، كەلان پامىر، ئەلىچۇر پامىر، سارەز پامىر، رەڭكۆل پامىر، خەرگوش پامىر، ۋاخان پامىر، تاغدۇمباش پامىر دەپ سەككىزگە بۆلىنىدۇ. «تاغدۇمباش پامىر» تاجىكچە «سەرىكوي پامىر» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بولۇپ، مەنىسى «تاغلىق پامىر» دېگەندىن ئىبارەت. تاغدۇمباش پامىر تولۇق قىسمى بىلەن ئېلىمىزگە تەۋە.

(5) «دارى تىلى» — سامانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك-پارس ئەدەبىي تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

(6) «ئىسمائىلىيە مەزھىپى» — ئىسلام دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغان تارماق مەزھەپ. بۇ مەزھەپ VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىمام جەفەر سادىق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى كىم بولۇش مەسىلىسىدە شىئەلەر بىلەن ئىختىلاپلىشىپ بۆلۈنۈپ چىققان. ئىسمائىلچىلار ئەنئەنىۋى كالامىزمچىلارغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىرخىل پەلسەپىۋى سىستېما تەلىماتىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەردە يۈزەكى شەكلەن ھادىسە ۋە شەرىئەتچىلىك-رەسمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، نىيەت-باتىنى ۋە سەمىمىي ئېتىقادنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، «باتىن مەزھىپى» دەپمۇ سۈپەتلىنىدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىسلامىيەت تارىخىدا نۇرغۇن قېتىملىق ئىسلاھات خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبچىسى ياكى قاتناشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئىسلامىزم تەتقىقاتچىلىقىدا، ئىسمائىلىيە مەزھىپى تارىختىن بېرى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن كۆپ جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

(7) ناسىر خىسراۋ — بۈگۈنكى تاجىكستاننىڭ قابادىيان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە خۇدا كۈيلۈقنى ئۆگەنگەن. كېيىن ئىلىم-پەنگە بېرىلىپ، پەلسەپە، تارىخ، جۇغراپىيە، دىن، ئەدەبىيات، ئەخلاق ساھەلەردە «سەپەرنامە»، «روشەننەما»، «سائادەتنامە»، «جاھاننامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەنئەنىۋى كالامىزمچىلارنىڭ تەلىماتىغا قارشى تۇرۇپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەلىماتلىرىنى تەشۋىق-تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇتەئەسسىپلەرنىڭ رەھىمسىز زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پامىردا تۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ تاماملىغان ۋە پامىردا ۋاپات بولغان.

# شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە تارىخىي رولى★

يۈەن جىڭۋاڭ

شەھەر خەلق ئەدەبىياتى ـ شەھەرلەر ئاپىرىدە بولغاندىن ئېتىبارەن، مەيلى قانداق زامان، قانداق ماكاندا بولسۇن، تاكى بۈگۈنگە قەدەر، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ يادروسى، بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. ھەر ـ قانداق يېڭى شەيئى، ھەرقانداق ئىلغارلىقلار ھەممىدىن ئاۋۋال شەھەرلەردە بىخلىنىپ، يىلتىز تارتىپ ئاندىن كەڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا تارقالدى ۋە پۈتۈن مىللەت، پۈتۈن مەملى ـ كەتكە ئومۇملاشتى. قىسقىسى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شەھەرلەر ئاۋان ـ گاردلىق رول ئويناپ «مەشئەل» بولۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى بۇنىڭ بىر مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتى، شۇنداقكەن، بۇ ـ نىڭدىن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش جەھەتتە، شەھەر خەلقىنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان تارىخىي رولى ناھايىتى مۇھىم.

لېكىن، بەزى كىشىلەر ئېيتقان «مەملىكىتىمىزدىكى شەھەرلىكلەر بىۋاسىتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خەق»، ① ئۇلارنىڭ «ئىدىيىۋى ماھىيىتى ئۆزەبچىلىكتىنلا ئىبارەت»② «شەھەر پۇقرالىرى ئەمگەكچىلەر سىنىپىغا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇلار بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى»③ دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي بىر تەرەپلىمە قاراشلار تۈپەيلىدىن شەھەرلەرگە بولغان قاراشلاردا خېلى مۇجمەللىك ساقلىنىپ كەلدى. «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» قىلىنغان كۈنلەردە، شەھەر خەلقى ئۈستىدە ماركسىزملىق ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش تېخىمۇ كەم بولۇپ، «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەھەرلىكلەرنى «شەھەر چاكىنىلىرى» دەيدىغان يامان ئاتاق بىلەنلا «ئەمگەك ـ چى» دائىرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى ـ دە ئۇلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە تارىخىي رولى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىنكار قىلىندى.

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، نەزەرىيە جەھەتتىكى

★ ئاپتور بۇ ماقالىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

قالايمىقانچىلىقلارنى ئوخشاش بويىچە بىر-ئۇنچە خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، شۇ قاتاردا «ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى» غا بولغان بۇرۇنقى بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەرگە رەددىيە بېرىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسلى مەزمۇنى، دائىرىسى ئاساسەن ئايدىڭلاشقان بولسىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە بۇ مەسىلە تېخى دېگەندەك روشەنلەشمىدى، يەنى «شەھەرلىك» لەرگە قانداق قاراش مەسىلىسىدىكى «سول» پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرى ئۈزۈل-كېسىل تازىلىنىۋېتىلمىدى. بۇ مەسىلە ئىچكى ئۆلكىلەردىكىگە قارىغاندا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئانچە گەۋدىلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يامان تەسىرى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن بەزەن ئىدىيىۋى خاھىشلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاشتا، خۇددى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار، كەمبەغەل چارۋىچىلاردىن توپلانغانلىرىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھېسابلاندى. يېزا-قىشلاق ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن توپلاشقىلا ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر خەلقى ئىچىدىن توپلاش، سىناق تەرىقىسىدە بولسىمۇ بىرەر قېتىم ئېلىپ بېرىلمىدى.

يېقىندىن بۇيان مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، «شەھەرلىكلەرمۇ ئەمگەكچى خەلققە مەنسۇپ، «شەھەرلىكلەر ئەدەبىياتى» (市民文学) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشاش يېڭى قاراشلار خېلى ئىلگىرى سۈرۈلدى. كۆپچىلىك شەھەر خەلقى ئەلۋەتتە مېھنەتكەشلەر سىنىپىغا مەنسۇپ، بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەبىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىم» دېگەن ماقالامدا ئېنىق شەرھلەپ ئۆتكەنىدىم، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنە توختىلىپ ئولتۇرمايمەن. «شەھەرلىكلەر ئەدەبىياتى» دېگەن مۇشۇنداق بىر مەسىلە ئۇيغۇرلاردا بارمۇ-يوق؟ بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە باغلىق. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە مۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، شەھەر خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتە سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى پۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتقا سىڭىپ، ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تۇرغۇن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغانكى، بۇنىڭدىن مۇستەسنا بىر خىل ئەدەبىيات مەۋجۇت ئەمەس. «شەھەرلىكلەر» توغرىسىدىكى «سىياسەت» نى ماددىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ «ئەمەلىيلەشتۈرۈش» يەنى يېرىمىنىلا ئەمەس، ھەممىنى تولۇق «ئەمەلىيلەشتۈرۈپ» مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئەمەلىي خىزمەتلىرىمىزگە پايدىلىق ھەم زۆرۈر دەپ ئويلايمەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۆزەمگە تونۇش بولغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تارىخىي رولى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش مۇھاكىمىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## شەھەر ۋە شەھەرلىكلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى

شەھەر ـ مەيلى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز بولسۇن كىشىلەرنىڭ ھەر يەر ھەر يەرلەردىن كېلىپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ھەممىشە تەرەپ ـ تەرەپلەرگە تارقىلىپ، كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلار ـ ئىنسانلار، مىللەتلەر ئارا تەبىئىي يوسۇندا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، جاھاندا مەۋجۇت بولغان ئىشلارنىڭ تولىسى ئاڭلىنىپ ۋە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان، ئاھالىلىرى مەركەزلەشكەن رەڭگا ـ رەڭ، ئاجايىپ بىر مۇھىتتۇر. كىشىلەر بۇنداق مۇھىتنىڭ چوڭراقلىرىنى «شەھەر»، كىچىكرەكلىرىنى «بازار» دەپ ئاتاپ كەلدى. «شەھەرلىك» ياكى «بازارلىق» دېگەن ئاتالغۇ ئەنە شۇ مۇھىت ـ شارائىتىنى ئۆزىگە ماكان قىلىپ ياشايدىغان ئاھالىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «شەھەرلىك» بىر جەمئىيەت قاتلىمى ياكى بىر جامائەت تەبىقىسى دېمەكتۇر.

شەھەرلەر ئىنسانلار مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ماددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن پالتا ـ كەتمەن، ئۇستىرا ـ پىچاق، ئۆتكەمە ـ غەلۋىر، ئارا ـ ئوغاق، تەڭنە ـ سوغا قوشۇق ـ ئاياق، خام ـ چەكمەن، شايى ـ ئەتلەس، زىلچا ـ كىگىز، دوپپا ـ تەلپەك، كىپىش ـ ئۆتەك، تامبال ـ كۆڭنەك، چاپان ـ يەكتەك دېگەندەك ئوخشاش ھەر خىل زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇششاق قول سانائەتچىلىك مەيدانغا كەلگەن. ئەمما ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ماددىي بۇيۇملارنى بار يەرلەردىن ئېلىپ كېلىپ، يوق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ۋاستىچى ـ ئېلىپ ـ ساتارلارغا سودا ـ تىجارەتچىلىككە مۇھتاج بولدى ۋە ئۇنى قول سانائەت، دېھقانچىلىق مەھسۇلات ـ لىرى زېمىنىدا يېتىلدۇردى. قول سانائەت ۋە سودا ـ تىجارەتنىڭ راۋاج تېپىشى، يەنە لەغمەن ـ پولو، مانتۇ ـ خوشاڭ، گىردە ـ دامان، كاكچا ـ سامسا، چۆچۈرە ـ كاۋاپ، ئۆپكە ـ قېرىن، چاي ـ پاي ۋە راخاپ ـ دوغاپ دېگەندەك يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەدرىجىي ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولدى... بىر ـ بىرى بىلەن گىرە ـ لىشىپ ھالقىسىمان باغلىنىپ كەتكەن ھەرخىل كەسىپلەر، بىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بىرى سەۋەب، بىرىنىڭ راۋاج تېپىشىغا بىرى ۋاستە بولۇپ، بىرىنى بىرى تولۇقلىدى، بىرىنى بىرى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى ماركس: «بىر قىسىم يېزا ئاھالىلىرى»، «ھەممىشە شەھەر ئاھالىلىرىغا ۋە كارخانا قول سانائەتچىلىرىگە (غەيرى تېرىقچىلىق ئاھالىلىرىغا) ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرماقتا.»④ دەپ كۆرسەتكىنىدەك، داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتقان قول سانائەت، سودا تىجارەت ۋە مۇلازىمەتچىلىك كەسىپلىرىمۇ، دېھقانچىلىقتىن نىجاتچىلىق يولى تاپالمىغان ياكى خانىۋەيران بولۇپ سەرسانلىقتا يۈرگەن يېزا ئاھالىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ، ئۆز قوشۇنىنى زورايتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ تارقاق يېزا ئاھالىلىرى ئۆز كەسپىنىڭ

ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىر مەركەزگە جەم بولۇشقا ئۆتتى- دە، تۆمۈرچى، مىسكەرچى، زەرگەر، موزدوز، تەلپەكچى، سەيپۇڭ، باققال، يايمىچى سودىگەر، كارخانا خوجايىنى، كارۋان- رەۋەندى، دەللال- سارايۋەن، قاسساپ، ناۋاي، ئاشپەز، موللا- خەلپەت، خەتتچى، ۋايىز- مەدداھ، سۇناي- ناغرىچى، راۋاپ- داستانچى، سۇچى، ئەسكەر، قارا خىزمەتچى، دوغا، جاكاچى، ئائىلە ئاياللىرى، مەدىكار، دىۋانە- تىلەمچى ۋە ئوغرى- يالغان، قىمار- ۋاز، جازانىخور، مۇتىھەم- ئۇششۇق دېگەنگە ئوخشاش مۇرەككەپ تەركىبلەردىن ھاسىل بولغان بىر ئىجتىمائىي سىنىپىي قاتلام شەكىللەندى- مۇئەييەن قانۇنىيەت بىلەن شەھەر ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، شەھەرلىكلەرنىڭ تولىسى بىۋاستە «ئىشلەپچىقارغۇچىلار»، «ۋاستىلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار» ياكى «ئىشلەپچىقارغۇ- چىلارنىڭ بېقىندىلىرى» بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىشلىمىسە چىشلىمەيدىغان، مېھنەت- كەشلەر ئاممىسىدۇر. نوقۇل «ئىستېمالچىلار» ناھايىتى ئاز ساندا. دېمەك «شەھەرلىكلەر» بىلەن «يېزىلىقلار»، بىرى تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تەر تۆككەن بولسا، بىرى تىجارەت ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى كەسپىي ئىشلار ئاستىدا رىيازەت چەككەن. شەھەر ئاھالىلىرى ئېچىدە غەيرى ئەمگەكچىلەرنىڭ نىسبىتى يېزا- قىشلاقلارغا قارىغاندا سەل چوڭراق بولغان بولسىمۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئېزىشىدىن قارىغان- دا، «شەھەرلىكلەر»نىڭ تارتقان زۇلمى يېزىلىقلارنىڭكىدىن كەم بولمايلا قالماي، بەلكى يەنە قاتتىق كەمسىتىش ۋە چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى «دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، سودا- تىجارەتنى يامان كۆرۈش» سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، بەزى خانىدانلىقلار ھەتتا سودا- تىجارەت تائىپىسى- دىكىلەرنىڭ مەنسەپدارلار سورۇنىغا پۇت تىقىشقا، باشقا تەبىقىدىكىلەر بىلەن قۇدىلىشى- شىغا يول قويۇلمايدۇ دېگەن كونكرېت بەلگىلىمىلەرنىمۇ چىقارغان (② ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن ئەسەرگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر- بازارلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتتىكى ئورنى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، خىزمەت ئوبيېكتى، خام ماتېرىيال مەنبەسى قاتارلىق ئامىللارنى قوشقاندا، شەھەرلەرنىڭ يېزىلار بىلەن ئالاقىسى چەمبەر چەس باغلانغان بولغاچقا، شەھەر خەلقىنىڭ تەقدىرى، مۇھەببەت- نەپرىتى، ھېسسىياتى، بارلىق مېھنەتكەشلەر ئاممىسى بىلەن ئوخشاش بولغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش، ئازادلىققا تەلپۈنۈش ئىدىيىۋى خاھىشلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، تارىخ چاقىنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلەتكەن ئىنقىلابىي ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا باشچىلىق رول ئويناپ كەلگەن، شەھەرلىكلەر «بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى» دېگەن سۆزنىڭ مەلۇم ئاساسى بار دېگەن تەقدىردىمۇ، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار پرولېتارىيات سىنىپىنى يېتىلدۈرگەن «بۆشۈك» بولغانلىقىمۇ بىر تارىخىي ئەمەلىيەت. شەھەرلەر تەرەققىي تاپقان، شەھەرلىكلەر قاتلىمى زورايغانسېرى، چوڭ پومېشچىك- ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان فېئودال خاندانلىقلارنىڭ

زاۋاللىققا قاراپ شۇنچە تېز يۈز تۇتقانلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەبمۇ ئەنە شۇ. فېئودال پادىشاھلىق مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغانلىقىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخى بۇ قارىشىمىزنىڭ تېخىمۇ يىمىرىلمەس پاكىتى. مانا بۇ چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، شەھەر خەلقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە تارىخىي رولىنى توغرا مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى شەرت ئاستىدا، مەزكۇر ماقالىنىڭ تېمىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەھەر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز زۆرۈر.

بىرىنچى، شەھەرلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ئورنى ۋە يېزا-قىشلاقلارغا نىسبەتەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە ھامان ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇسۇسىيىتى، تىل-ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلىم-بىلىمگە ئىگە مەرىپەتلىك كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىلدۈردى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلەردە مەركەزلىشىشىنى بەلگىلىدى. شەھەرلەردە ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆپ ھەم مۇجەسسەم بولغانلىقى. شەھەرلەرنىڭ «مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى» بولۇشتەك ئىجتىمائىي ئورنىنى ھاسىل قىلدى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىدى. شەھەر ۋە شەھەر خەلقىگە خاس بۇ ئالاھىدىلىكلەر، زامان ئالغا باسقانسېرى شۇنچە گەۋدىلىك بولدى ۋە بولغۇسىدۇر. شۇڭا، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەر قاچان قارىساقلا كۆرگىلى ۋە چۈشەنگىلى بولىدىغان رېئال پاكىت بولغاچقا ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ھەرقانداق نەزەرىيىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، شەھەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ئورنى ۋە شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە بولغان كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەشغۇلاتلىرى، شەھەر خەلقىنى كۆپنى كۆرۈش، كۆپنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. جۈملىدىن ئۇلار سودا-تىجارەت مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا، ھەر كۈنى دېگىدەك ھەر خىل ھەر قىسما نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، خىلمۇ خىل مۇئامىلىلەردە بولدى ۋە تۈرلۈك سورۇنلارغا قاتناشتى، تىرىكچىلىك يولىدا نى-نى يىراق چەت ماكانلارغا بېرىپ-كېلىپ تۇردى. ئۇيغۇر خەلقىدە «كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلىدۇ» دېگەن ماقال بار. شەھەر خەلقى تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇنداق بىپايان زېمىنىدا ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ئاجايىپ-غارايىپ رەڭگا-رەڭ ئىشلارغا كۆپ دۇچ كەلدى، كۆپنى كۆردى. كۆپنى ئاڭلىدى. شۇڭا ئۇلارنى گەرچە ئەشۇ دەۋر شارائىتىدا تىل-ئەدەبىيات ۋە باشقا ئىلىم-بىلىملەردىن تولۇق ساۋات ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلار ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسى مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەپەككۇر ئىقتىدارى كۈچلۈك، سۆز ماھارىتى ئۈستۈن بولغان بىلىملىك خەلقتۇر.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ئىككى نۇقتا ناھايىتى مۇھىم ئامىل بولۇپ، بۇنىڭدىن شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنئەنىۋى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەرپا بولۇشى، داۋاملىق پىششىقلىنىپ بۈگۈنكىدەك كامالەتكە يېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئېغىز ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېزىق شەكلى بىلەن ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە مىراس بولۇپ قالالىشى ئۇنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە تارىخىي رولىنىڭ نەقەدەر ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي زېمىنى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ھاياتلىق زېمىنى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خۇددى يامغۇردىن كېيىن يايلاقنىڭ ھەممە يېرىدە بەس-بەستە ئېچىلغان رەڭگا-رەڭ گۈل-گىيالاردەك ئۇيغۇر خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ھاياتلىق زېمىنى قىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ھاياتلىق زېمىنىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھەرخىل مۇناسىپ سورۇنلاردا، تۈرلۈك پەيتلەردە دۇتار، تەمبۇر، راۋاپلارغا تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان خەلق ناخشىلىرى، بېيىت-قوشاقلار، سۆزلىنىۋاتقان لەتىپە-يۇمۇرلار چاخچاقلار، مەسەل-تەمسىل، ھېكايە-چۆچەكلەر، ئۇنىڭدىن پارتلىغان شاتلىق كۈلكە سادالىرى، بۇ قارىشىمىزنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر. بىراق ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەركىزى ياكى مۇھىم نۇقتىسى بولماي قالمايدۇ. ئۆتكەن زامانلاردا، ئەنە شۇنداق پائالىيەتلەر ئاساسەن قانداق پەيت، قانداق سورۇنلاردا، قانداق شەكىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز ھاياتلىق رولىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىسى ياكى زېمىنى بولغان؟ مەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ خەلققە تەربىيە بېرىش، خەلقنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن تەسىر ئېتىش رولىنى تەبىئىي يوسۇندا ئورۇنلاۋاتقان نۇرغۇن سورۇنلارغا كۆرمەك قېتىم قاتناشقانمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1986-يىل 7-8-ئايلاردا خوتەن رايونىدا بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا تەپەككۇر قۇشىمىزنى قويىۋەتسەك، مۇنداق ئىككى سورۇن كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

(1) كەچقۇرۇنلىرى: بۈگۈنكى كۈندە، كەچقۇرۇنلىرى ئۆز ئۆيىمىزدە تېلېۋىزور كۆرىمىز، رادىئو پروگراممىلىرىنى ئاڭلايمىز، ياكى كىنو، تىياتىرخانىلاردا بولىمىز، ئېلېكتر چىراقنىڭ يورۇقىدا يازما ئەسەرلەرنى كۆرۈپ مەنىۋى ئوزۇق ئالىمىز. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ھەتتا ئازادلىقتىن كېيىن 50-يىللارنىڭ باش-ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا، خۇسۇسەن قەدىمى خوتەننىڭ مەركىزى

بولغان ئىلچى شەھىرىدە بۇنداق شارائىت، بۇنداق مەدەنىي تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئىدى، ئۇ چاغدا خەلققە ھەممىشە بەدىئىي لەززەت بەخش ئېتىدىغان نەرسە خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدىن بولغان خەلق ئەدەبىياتى، چۆچەك، قوشاق، تېپىشماقلار ئىدى. مەشرەپ باراۋەت، ناخشا-ئۇسسۇل دېگەنگە ئوخشاش پائالىيەتلەر، ھېچ بولمىغاندا داپ-دۇتار، ناغرا-سۇناي تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ھېكايە چۆچەكلەر بۇنداق شەرت-شارائىت ھەتتا «جىن چىراق» مۇ تەلەپ قىلمايدىغان ئەڭ ئاددىي بىر كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىلىرى ئىدى. شۇڭا، كەچكى غىزادىن تاكى ياتقۇغا قەدەر بولغان بوش ۋاقىتلاردا دەڭ-سارايلارنىڭ ھوجرىلىرى، چايخانىلار، ئىسسىق تونۇر بېشىدا ياكى كۈندۈزى دورا-دەرمەك، گۈلقەنت-مۇراببا، گۆلە-قاق، جىگدە-چىلان دېگەندەك نەرسىلەر تەنزىسى بولغان كوچا-رەستە سۇپىلىرىدە ئۆزلىكىدىن يىغىلغان ھەر خىل توپ-توپ ئادەملەر ئارىسىدا «ھېكايە ئېيتىشىپ ئويناش» باشلىنىپ كېتەتتى. ئائىلە بويىچە، ھويلا بويىچىمۇ بولاتتى. تاكى بىر كىشى چۆچىكىنى توگىتىپ ئاخىرىدا «تارقا-تارقا ئۆيۈڭگە بېرىپ توزلۇقۇڭنى چايقا» دېگەندە، كىشىلەر ئاندىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چاپانلىرىنى قېقىشىپ، قونالغۇلىرىغا قاراپ مېڭىشاتتى.

2. سەپەر ئۇستى: ھازىرقىدەك ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان قاتارلىق قاتناش قوراللىرى تېخى بولمىغان ئۆتمۈش زامانلاردا، ئات-ئۇلاغ، ھارۋىلاردا ماڭىدىغان سودىگەرلەر، سەپەرگە چىققان يولۇچىلار، ئات-ئېشەك، تۆگە-قېچىرلار بىلەن يۈك توشۇغۇچى كارۋانلار، تولاراق توپلىشىپ ماڭاتتى. ئۇلار ياش-قۇرامى، يۇرت-ماكانى سەرگۈزەشتلىرى، قىلىۋاتقان كەسپى، بىلىم قابىلىيىتى قاتارلىقلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بولاتتى، ئەينى زامانلاردىكى ئاساسىي قاتناش قورالى ئەنە شۇنداق ھايۋان-ئۇلاغلاردىنلا ئىبارەت بولغاچ، قاقاس چۆل-باياۋاندىكى سەپەرنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، جاپالىق، ناھايىتى زېرىكىشلىك بولاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك بەدىئىي كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنى شاتلىق باغچىسىغا باشلاپ، سەپەر ئازابى ۋە مۇساپىنى قىسقارتىدىغان بىردىن-بىر مەنىۋى ئوزۇق يەنىلا خەلق چۆچەكلىرى بولاتتى، بولۇپمۇ ئېشەكلىرىگە مىنىپ توپلىشىپ يول يۈرگۈچىلەردە نۆۋەتلىشىپ چۆچەك تېپىشماق ئېيتىشىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولاتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا سۆزلەنگەن لەتىپە، تېپىشماق، چۆچەكلەر سەپەر ئاياغلاشقاندا، كىشىلەر تەرىپىدىن ھەر تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتىلەتتى.

دېمەك، ئاساسەن شەھەر خەلقىدىن تەشكىللەنگەن يۇقىرىقى ئىككى سورۇن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ئاساسىي ھاياتلىق زېمىنى ھېسابلىنىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان تارىخىي رولى مۇنداق بىرقانچە جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

بىرىنچى، ئەشۇنداق مەدەنىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا بىرقانچە خەلق چۆچىكى تېپىشماق ياكى بىرقانچە لەتىپە سۆزلەشنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. ھەممە ئادەم ھەم ئاڭلىغۇچى، ھەم ئاڭلاتقۇچى ھەم ئىجاد قىلغۇچى بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا ئاڭلىغۇچى بولغان بولسا، يەنە بىر شارائىت ياكى پەيتتە ئاڭلاتقۇچى بولغان. ئاڭلاش ۋە ئاڭلىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى يەنە ئاساسەن ئىجادىيەت جەريانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يەنە پىششىقلاش، بېيىتىش ۋە يارىتىش رولىنى ئارتقۇزغان. بۇنىڭدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان «كوللېكتىپچانلىق» يەنى ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ ھەم ئاپتور ھەم تارقاتقۇچى ھەم ئاڭلىغۇچىلىق خاراكتېرىنى ياراتقان.

ئىككىنچى، يۈز-ئابروي تېپىش، ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئىنسانلىق غۇرۇرىنىڭ بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ئىنتىلىش خاھىشى بولغانلىق سەۋەبىدىن، سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، ھەر كىم ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئىقتىدار ۋە سۆز ماھارەتلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرغىدەك قىلىپ ئېيتىشقا تىرىشقان. بولۇپمۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ تەپەككۇر ئىلھامىنىڭ جۇش ئۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان پەيتلەردە، سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىم-ئىقتىدار ۋە سۆز ماھارەتلىرى تولۇق ئىشقا سېلىنىپ، مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بولسۇن، سۆزلەنگەن ئەسەرنىڭ سەۋىيىسى ئاۋۋالقىسىغا قارىغاندا ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن بولۇپ چىققان. شۇڭا ئەسلى بىر چۆچەك بولسىمۇ، بىر كىشىنىڭ سۆزلىگىنى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ سۆزلىگىنى، بىر كىشىنىڭ بۇ جايدا سۆزلىگىنى بىلەن يەنە بىر كىشىنىڭ باشقا جايدا سۆزلىگىنى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشماسلىق ھادىسىسىنىڭ كۆرۈلۈشى، ئەنە شۇ يۇقىرىقى سەۋەبتىندۇر.

ئۈچىنچى، شەھەر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت ئالاھىدىلىكى تۈپەيلى، بۈگۈنى دۇنداق بىر مۇھىتتا بولغان بولسا، ئەتىسى يەنە باشقا-باشقا كىشىلەردىن تەركىب تاپقان باشقا بىر مۇھىتتا، بۇ قېتىم دۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن سەپەرداش بولغان بولسا، يەنە بىر نۆۋەتتە باشقا-باشقا جايلاردىن كەلگەن يات كىشىلەر بىلەن ھەمراھ بولغاندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئاڭلىغانلىرىمۇ باشقا-باشقا بولغان، سۆزلىگەندىمۇ باشقا-باشقا كىشىلەرگە سۆزلىگەن. بۇ جايدا ئاڭلىغانلىرىنى ئۇ جايغا يەتكۈزۈپ، ئۇ ياقتا ئاڭلىغانلىرىنى بۇ تەرەپكە ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇ ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ يۇقىرىقىدەك رولى ئارقىلىق يۇرتلار ئارا ئۆتۈشۈپ، جاي-ماكانلار ئارا ئالمىشىپ، تېخىمۇ كەڭ تارقىلىش، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ھاياتى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە سازاۋەر بولغان.

تۆتىنچى، ھەرقانداق ئىلىم-بىلىم ئۆز تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبە ساۋاق-

لارنى يەكۈنلەش ۋە تولۇق قېلىش ئارقىلىق بىۋاسىتە ھاسىل بولغاندىن باشقا، مۇھىمى يەنە تىل-يېزىق ۋاسىتىسى ۋە كۆپنى كۆرۈش، كۆپنى ئاڭلاش ئارقىلىقمۇ كېلىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان، شەھەر خەلقىنى بۇ ئىككى ئاسىل دەرىجەتلىك بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى شەھەر خەلقىنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ ئېغىزىدىن چىققاندا، ھەر قېتىم راسا تاۋلىنىپ پىشقىلانغان. بۇ جايدا يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدىغىنىمىز شۇكى، يوقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە شەھەر خەلقىنىڭ باشقا تەبىقىدىكى خەلق ئاممىسىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق بوگۈنكىدەك يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈش جەھەتتە تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم، ئوينىغان تارىخىي رولى ئىنتايىن زور دەپ باھا بېرىلسە، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولارمىكىن دېگەندىن ئىبارەت.

## شەھەر خەلقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي رولىنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئىپادىسى

كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىيات گۈلزارىنىڭ كۆركەم ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن ۋە بېيىتقان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، تارىختىن بۇيان پائال رول ئويناپ كەلگەنلىكىنى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ ئاجايىپ رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسى ۋە يارىتىلغان شەھەرلىكلەر ئوبرازلىرى تېخىمۇ ئوچۇق دەلىللەيدۇ. مەسىلەن: «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» 8-توپلامنىڭ 98-بېتىدىكى «بېشىغا قۇش قونغان بالا» ناملىق چۆچەكتە، سودىگەر ئاتىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بىر ئوغۇل بالا، دىيانەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئانىسىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ساغلام ئۆسكەنلىكى، ئانىسى «تىجارەت قىل» دەپ بەرگەن 300 تەڭگە پۇلغا بازار كوچىسىدىن ئۈچ ئېغىز گەپ سېتىۋالغانلىقى (بىلىمنى پۇلغا سېتىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىق بۇ يەردە بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ، ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ خېلى بۇرۇنلا بىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ) شۇ ھېكمەتلىك گەپكە تايىنىپ (ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەقەلىكتە بىلىمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى نامايان بولغان) مۇشكۇل سەپەردىكى ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەر ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكى، ئاخىر «بەخت قۇشى» تەرىپىدىن بىر شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىغا تاللانغانلىقى جانلىق ھالدا سۈرەتلەنگەن. 101-بەتتىكى «چاشقان بىلەن سودىگەر» دېگەن چۆچەكتە، بىر سارايۋەن ئالاھىدە تەربىيىلەپ كۆندۈرگەن بىر مۈشۈكنىڭ ئۈستىگە ياندۇرۇلغان بىر تال شامنى قوندۇرۇپ قويۇپ، «تاڭ ئاتقىچە قىمار ئوينىساقمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ» دېگەندە، سارايغا چۈشكەن بىر سودىگەر ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى ئۇنىمىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى 40 دانە ئالتۇن

پۇل تېكىشىپ، سارايۋەننىڭ سودىگەرنى ئۆتنۈۋالغانلىقى، ئۆتنۈرۈۋەتكىنىگە تەن بەرمىگەن سودىگەر خوتۇنى بىلەن ئىككىسى سارايۋەننىڭ مۈشۈكىگە قارشى بىرنەچچە چاشقاننى ئالاھىدە كۆندۈرۈپ، ئاخىر سارايۋەننىڭ مال-دۇنياسىنى ئۆتنۈۋالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. يەنە 107-بەتتىكى «قاسىم ئوغرى» دېگەن تېمىدىكى چۆچەكتە، ئۆتكەن زاماندىكى ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ ئاچكۆز، رەھىمسىز ئوغرىغا بولغان نەپرەت ئوتى يالقۇنلايدۇدە، بۇنىڭدا قاسىم ئوغرىنىڭ بازاردا بىر زەگەرنىڭ ئالدىدىكى زىقچە ئالتۇنلىرىنى مۇتەھەملىك بىلەن قازىغا بۇيرۇتۇپ زورمۇزور تارتىۋالغانلىقى؛ ماللىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغان كىراكەشنىڭ ھەققىنى بېرىش تۈگۈل قېچىرىنىمۇ تارتىۋالغانلىقى؛ بىر گەزمالچىدىن يەتتە توپ رەختنى نېسىگە ئېلىپ، ئۇنىمۇ تېنىۋېلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقاندا ئۆزى تاپقان يەتتە نەپەر ئوغرى كويئوغلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ، مالدىنمۇ جانىدىنمۇ قۇرۇق قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ھەممىگە تونۇش بولغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن «غىزانىڭ ھىدى ۋە تەڭگىنىڭ ئاۋازى» دېگەن لەتىپىدە بىر ئاشخانا خوجايىنى يېزىلىق نامرات كىشىنى بوزەك قىلىپ، مانتو-پولو ۋە كاۋاپلىرىمىنىڭ ھىدىنى پۇرىۋالدىڭ. ئۇنىڭ پۇلىسىنى تۆلەيسەن دەپ ئېسىلىۋالغان ئەھۋال ئۈستىگە دەل كېلىپ قالغان نەسىردىن ئەپەندى، ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ قولىقىغا ھەم يېنىدىكى تەڭگىسىنى جىرىڭلىتىپ قويۇپ، بۇ دېھقان غىزالىرىڭنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان بولسا، سەن پۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىۋالدىڭ، ئەمدى ئېلىشىڭ تۈگىدى دەپ ھېلىقى دېھقان كىشىنى جىدەلدىن قۇتقۇلدۇرۇپ قويغانلىقى ئىپادە قىلىنغان. ئۇندىن باشقا «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1-توپلام 81-بېتىدىكى «ياماقچى بىلەن پادىشاھ» 162-بېتىدىكى «ياغاچچى بىلەن بوياقچى» قاتارلىقلارمۇ شۇ خىلدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، بۇنداق مىساللار ناھايىتى تولا. خالىغان بىر چۆچەكنى ئاڭلىساق ئازدۇر-كۆپتۇر مەلۇم تەرەپتىن بولسىمۇ شەھەر خەلقىنىڭ قان-تەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت-ھەر خىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغان ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇشنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئىنكاسى ۋە يۈرەك قېنىدا سۇغۇرۇلۇپ ئېچىلغان گۈل-غۇنچە، ئۇ قانداق زېمىندا ئېچىلغان بولسا ئەشۇ تۇپراق ئالاھىدىلىكىدىن بوياق ئىچكەن بولىدۇ. ئاپتورنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر كۆچىمۇ ئاجايىپ نېمە. بۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتقاندا مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمىغان تەقدىردىمۇ، شەھەر تۇرمۇشى ۋە شەھەرلىكلەر ئوبرازىنى شەھەر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى ئىجادىي رەۋىشتە قىلغان ئەمگىكىنىڭ ئۈچمەس شاھىدى دېسەك ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ ۋە شۇنداق دەپ قارىساق چوڭ نىشاندىن ئاداشمايمىز. بىز ئالدىدا ئۇيغۇرلاردا «شەھەرلىكلەر ئەدەبىياتى» دەيدىغان ئايرىم ئەدەبىيات تۈرى شەكىللەنمىگەن، شەھەر خەلقىنىڭ ئەقلى ئەمگىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا سىڭىپ، بۇ

پۈتۈن گەۋدىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالغان دېيىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ ئەنە شۇ.

× × × ×

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدىن شۇنىڭدەك جەنۇبىي جوڭگودا ياشاۋاتقان قېرىنداش ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلق چۆچەكلىرىدىن ھەجىمىنىڭ ئۇزۇن، تۈزۈلۈشىنىڭ ئاجايىپ بولۇشىدەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە ئۆزى چاقچاق، كىچىك، مەسەل خاراكتېرلىك پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك لەتىپە، يۇمۇرلار ناھايىتى كۆپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 3 مىڭ سۆزلۈكتىن يۇقىرى چۆچەكلەرمۇ ئىنتايىن تولا ئۇچرايدۇ، 6 مىڭ سۆزلۈكتىن ئارتۇق ھەجىمدىكى چۆچەكلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 1 - توپلام 68 - بېتىدىكى «تەدبىرلىك پادىشاھ» 9 مىڭ سۆزلۈكتىن ئارتۇق، 149 - بەتتىكى «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» 6 مىڭ سۆزلۈكتىن ئارتۇق، 6 - توپلامنىڭ 57 - بېتىدىكى «تېپىلغان گۆھەر» 7 مىڭ سۆزلۈكتىن ئارتۇق. تۈزۈلۈشىنىڭ ئاجايىپلىقى دېگىنىمىزدە، چۆچەكلەرنىڭ نۇرغۇن سۇژېتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاخىر قانداق نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا تولا ھاللاردا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز يەتمەيدىغانلىقى نەزەردە تۇتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئاجايىپ - غارايىپ غەلىتە تۈيۈلىدىغان بولسىمۇ، تۇرمۇش مەنتىقىسىغا تامامەن ئۇيغۇن ھەمدە بىر - بىرى بىلەن ھالقىسىمان گىرەلەشكەن. كىشىنىڭ كۆڭلىدە قەدەمدە بىر سوئال پەيدا قىلىپ، ھەر قانداق ئادەمنى بەلگىلىك دوھىتلارغا سۆرەپ ئەكىرەلەيدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سېھرىي كۈچىنىڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئىپادىسى. مەسىلەن، ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان «تېپىلغان گۆھەر» ناملىق چۆچەكتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ساپ، چىن ۋاپادار دوستلۇق تەرىپلىنىپ، بېقىپ كۆندۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان ياۋا بۆرىدەك يېقىن كەلگەنلا ئادەمنى چىشلىۋالغاندىن باشقا، پەيتى كەلگەندە نان بەرگەن ئادەمنىمۇ تالىۋېلىشتىن يانمايدىغان بىر خىل ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى ناكەس ئادەمنىڭ چۈمپەردىسى يىرتىپ تاشلىنىپ، رەزىل ئىچكى دۇنياسى قامچىلانغان. مۇشۇنداق بىر تال تەپەككۇر يىپىغا باغلانغان ۋەقەلىكلەر، خۇددى سېھرگەرنىڭ قاپچۇق ئىچىدىن قاپچۇق چىقارغىنىدەك چۆچەك ئىچىدىن چۆچەك چىقىدىغان بىر خىل تۈزۈلۈش ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى بەزىلەر «مىڭ بىر كېچە» نىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن دېيىشى مۇمكىن. بۇ قاراشنى چەتكە قاقمايمەن، ئەمما ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ئالدى بىلەن ئۇيغۇر شەھەر خەلقىگە خاس تارىخىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر دېگەن چۈشەنچىمنى تەكىتلەيمەن. چۈنكى كىشىلەر چۈش قانچە شېرىن بولسا ئۇنىڭ ئۇزۇنراق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شېرىن چۈش ئۇزۇنراق بولسا تۈن زۇلمىتىنىڭ ئۇزۇنلىقى سېزىلمەيلا تاڭ يورۇپ قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەشۇنداق تىلى

تاتلىق، تۇرمۇش ھىدى قويۇق ۋە يېقىملىق، پىكرى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، كىشىلەركە ھەر خىل تۇرمۇش ساۋاقلىرىنى ئاتا قىلىش بىلەن تەڭ غايىۋى گۈلۈستانلىقلارغا باشلاپ ئەكىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەجمى، شەكلى ۋە بەدىئىي كۈچى غايەت يۇقىرى بولغانلىقى بىلەنلا ئاندىن بىر كۈنلۈك مېھنەتتىن ياكى ئات-ئۇلاق ئۈستىدىكى ئۇزۇن سەپەردىن قاتتىق چارچىغان، رېئال تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن ئازاب چەككەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرىپ كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسىرلەر بويى شەھەر خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتىش جەريانىدا، باشقا مىللەتلەردىن ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىنغان خەلق ئېغىز ئىجادىيەتلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن يەرلىك تۈسكە مىللىي رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىقدار جەھەتتىكى كۆپلىكى، ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ مولluقى، سۇژېتلىرىنىڭ ئاجايىپ غەيرىيلىكى، سۆزىنىڭ ئاھاڭدار، گۈزەل، ئوبرازلىقلىقى شۇنداقلا پۈتكۈل بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدار-كۆركەملىكى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە نۇرانە ئورۇن تۇتۇپ يالتىراپ تۇرماقتا.

پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇنداق پارلاق ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنى نوقۇل بىرەر سىنىپ، بىرەر سىنىپىي قاتلام ياكى بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ يارىتالىشى مۇمكىنمۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئەسىرلەر بويى ئېلىپ بارغان مەنىۋى پائالىيەت ۋە ئەقىل-پاراسەتلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر، ئەلۋەتتە، شۇنداقكەن، ئەشۇ تارىخىي دەۋرلەردە باشقا تەبىقىدىكى خەلق ئاممىسىغا قارىغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇر شەھەر خەلقىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تۇتقان مۇھىم ئورنىنى ۋە پائال ئوينىغان تارىخىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، مۇئەييەنلەشتۈرگەندىمۇ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈردۇر. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۆز پۈتىمىزنى چېپىپ قويىمىز-دە ئەمەلىي خىزمەتلەردە گىگانت قەدەم تاشلاپ دادىل ئىلگىرىلىيەلمەيمىز.

① خوشپىڭنىڭ «قىسسە خاراكتېرىدىكى ھېكايە رومانلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 1980 - يىل جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى نەشر قىلغان.

② ۋې تۇڭشەننىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن، «ئەدەبىيات، تارىخ ۋە پەلسەپە» ژۇرنىلى، 1962 - يىل 6 - سان.

③ «جۇ ي جۇبەي ئەسەرلىرى توپلىمى»، 976 - بەت.

④ ماركس: «كاپىتال توغرىسىدا» نىڭ 1 - توم، 23 - باب 4 - پاراگراف.

# قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر داستان «ماناس»

تۇرغانباي قىلىچبېك

ئۇزۇن تارىختىن بۇيان قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ داۋاملىشىۋاتقان قەھرىمانلىق داستان (ئېپوس) «ماناس» قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي، مىللىي ئالاھىدىلىكى، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى ماناس بۇ ئەسەرنىڭ نامى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. ئەسەر ۋەقەلىكى ماناس ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سىمەتەي نەۋرىسى سەيتەك ئەۋرىسى كەنانىم ۋە چەۋرىسى سەيىت قاتارلىق يەتتە-سەككىز ئەۋلادقىچە سوزۇلغان سىزىق بويلاپ داۋام قىلىدۇ. بۇ ئەسەر بىرەر يۈز يىلدىن بۇيان خەلقئارادىكى بەزى مەملىكەتلەرنىڭ تىل، ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا.

بۇ داستاننىڭ ھازىرغىچە قولغا چۈشكەن ئومۇمىي ۋەقەلىكىنى قىسقىچە يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق بىر قانچە قىسىملارغا ئايرىلىدۇ: باش قەھرىمان «ماناس» ۋەقەلىكى: ئۆتكەن زامانلاردا قىرغىز خەلقى قوشنا ئەللەردىن بولغان قالماق، قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قاپتۇ، ئالتايدا تۇرۇشلۇق قىرغىزلارنىڭ ياقۇپ دېگەن ئاقساقىلى ۋە ئۇنىڭ چىيردى دېگەن ئايالى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاققىچە پەرزەنت كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇلار ئاخىر بىر پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا «ماناس» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بالىسىنىڭ ئۈستىخانلىق، چوڭ تۇغۇلغانلىقىغا قاراپ، «بۇ بالا كەلگۈسىدە كۈچلۈك باتۇرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ، قىرغىزلارغا باشچىلىق قىلغان بولسا ئىدى» دەپ ئۈمىد قىلىشىپتۇ. يۇرت مۆتىۋەرلىرى مەسلىھەتلىشىپ بۇ بالىنى تەربىيىلەشنى خوشەي، بالتارو دېگەن ئادەملەرگە تاپشۇرۇپتۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ماناس ئۇلارنىڭ كۆتكىنىدەك يەم-پاراسەتلىك، ساغلام، باتۇر بولۇپ چىقىپتۇ ۋە ئەلگە باش بولۇپ چېچىلىپ كەتكەن قىرغىزلارنى «تالاس» دېگەن جايغا توپلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لەشكەر تەشكىللەپ بېيجىڭگە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ، ئۇرۇشتا ئېغىر يارىدار بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپتۇ.

«سىمەتەي» ۋەقەلىكى : ماناس ۋاپات بولغاندا ئوغلى سىمەتەي كىچىك ئىكەن.

ماناسنىڭ ئايالى قانىكەي بالىنى دۈشمەنلەرنىڭ قەستلەپ قوغلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆركەنىچ دېگەن جايدىكى بوۋىسى قاراخاننىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ تەربىيىلەپتۇ، سىمەتەي بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تالاسقا قايتىپ كېلىپ، قاراقتان-قالماقلار بىلەن جەڭ قىلىپ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپتۇ. لېكىن ئۆزلىرىنى «خان» دەپ ئاتىۋالغان قىرغىزلارنىڭ جىددىگەر قەبىلىسىنىڭ باتۇرلىرىدىن ئاكا-ئۇكا چىنخوجا، تولتوي قاتارلىقلار ئاخۇنخان دېگەن خاننىڭ قىزى ئايچۆرەكنىڭ سىمەتەيگە ياتلىق بولغانلىقىنى بانا قىلىپ، قالماقلارنىڭ باتۇرى ۋە خانى قىياز بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتىن بۆلگۈنچىلىك ئېلىپ بېرىپتۇ. سىمەتەينىڭ يېقىن جورىسى خانچورنىڭ خائىنلىق قىلىشى تۈپەيلىدىن قېيىن-قىستاق ئىچىدە قېلىپ، تويۇقسىز غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ، قىرغىزلار يەنىلا قالماقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

«سەيتەك» ۋەقەلىكى: سىمەتەي غايىپ بولغان چاغدا، ئايالى ئايچۆرەك ئىككى قات ئىكەن. لېكىن قالماق خانى قىياز ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن يۇرتىغا مەجبۇرى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئايچۆرەك يولدىشى سىمەتەيگە سادىق ئايال بولغاچقا، سېھىرگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، قىيازخان بىلەن بىللە بولماپتۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئىسمىنى سېيتەك قويۇپتۇ. قىيازخان ئايچۆرەكنىڭ ھىلىسىنى سەزمەي بالىنى ئۆز بالام دەپ ھېسابلاپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن سېيتەك چوڭ بولۇپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۇنىڭ قىرغىزلارنىڭ باتۇرى سىمەتەينىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سېيتەك دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن قالماق خانى قىيازنى ئۆلتۈرۈپ، چېچىلىپ كەتكەن قىرغىزلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تالاستا خان بولۇپتۇ. مانا بۇ «ماناس» داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

داستان باشتىن-ئاياق شېئىر-قوشاق شەكلىدە بولۇپ، ئۆزىگە خاس قېلىپلاشقان ئاھاڭى بار. ئۇ، كۆپىنچە ئالتە-يەتتە بوغۇمدىن قۇرۇلغان بولۇپ، قاپىيەسى «مەسنەۋى» (غەزەل) شەكلىدە، ئۇنى يادلاپ ئېلىشقا ئاسان. «ماناس» داستانى قىرغىز خەلقىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى قىرغىز خەلقىنىڭ ئەمگەك تىرىكچىلىكى، تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، ناخشا-مۇزىكىلىرى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، قول ھۈنەر، سودا-سېتىقى، قەبىلىدىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنگە قەدەر تارىخىي ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم مەنبە. «ماناس» داستانىدىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرىدا ئىپادىلەنگەندەك خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىمگەرچىلىك، ياخشىلىق، سادىقلىق، خالىسلىق ئىدىيىلىرى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا كۆرسىتىلىدۇ. داستاندىكى ئەجايىپ قەھرىمانلاردىن بولغان قوشەي، باقاي، پالتىدۆ، ماناس، چىئىردى، قانىكەي، ئامانبەك، چۇۋاغ، سىرغاق، سىمەتەي، ئايچۆرەك، سېيتەكلەر، ئۆزىنىڭ خالىسلىق، ئادالەتلىك ۋە كىشىلىك غورۇرى بىلەن ئالدامچى، زالىم، ئىككى يۈزلىمىچى دۈشمەنلەردىن غالىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىش

ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىتتىپاقلىققا، خالىس بولۇشقا، ئوچۇق-يورۇق، ئاق كۆڭۈل ياخشى ئادەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ، ئېپوسنىڭ ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ ۋە بېيىپ بېرىشتىكى بىردىن-بىر ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى.

※ ※ ※

«ماناس» داستانىنىڭ چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىغا بىر ئەسىردىن ئاشتى. XVI ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى موللا-سەيپىدىن-ئىبىن-داموللا-شەيخ ئاببىاسى-ئاقسىكەندى ئۆزىنىڭ پارس تىلىدىكى «تارىخنامە» دېگەن كىتابىدا «ماناس» راۋايىتىنى تىلغا ئالغان. لېكىن بۇنىڭدىن ئىستاتا كەلتۈرمىگەن. 1861-يىلى قازاق تارىخچىسى چوقان ۋەلىيخانوف ئۆزىنىڭ «جۇڭغار ئوچېركلىرى» دېگەن كىتابىدا تاشكەنت ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى قىرغىزلاردىن «ماناس» داستانىنىڭ «كۆكتاينىڭ ئېشى» دېگەن قىسمىنى خاتىرىلەپ ئېلىپ مەخسۇس تونۇشتۇرغان.

روسىيىلىك تىلشۇناس ب. پ. رادلوپنىڭ 1862 — 1869-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىمالىي سىبىرىيىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلغان ماتېرىياللىرىدا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدا ياشىغۇچى قىرغىزلار ئارىسىدىكى ماناس ئېيتقۇچىلاردىن ماناسنىڭ بىر قانچە قىسىملىرى خاتىرىلەنگەنلىكى ئېيتىلغان. بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ 1885-يىلى بېسىلغان 5 توملۇق كىتابىنىڭ «تاش قىرغىزلارنىڭ تىلى»① دېگەن قىسمىدا تولۇق ئېلان قىلىنغان.

1896-يىلى رۇس تەتقىقاتچىسى ن. ئارىستوفنىڭ «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە نوپۇسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا «ماناس» ۋە ئۇنىڭ باتۇرلىرى بىر قەدەر كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان. بارتولد مۇ ئۆز ئەسىرىدە ماناسنى تىلغا ئالغان.

1898-يىلى قازاندا ماناسچى تىنىبەكنىڭ ئېيتىشى بويىچە «سىمەتەيىنىڭ» پارچە قىسىملىرى ئەرەب يېزىقىدا قىرغىزچە بېسىلغان.

1902-يىلى رۇسچە ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ «تۈركىي تىللىرى ۋە ئەدەبىياتى» دېگەن قىسمىدا «ماناس» داستانى دەسلەپكى ئاممىي ئاتالغۇلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ مەخسۇس تونۇشتۇرۇلغان.

1903 — 1916-يىللىرى تۈركمەن، ئىنگلىز، رۇس تەتقىقاتچىلىرى «ماناس»، «سىمەتەي» پارچىلىرىنى تۈرك، نېمىس، رۇس تىللىرىدا كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن 1922-يىلى قىرغىزىستاندىكى داڭلىق ماناس ئېيتقۇچى ساغىنباي ئورازبەكتىن «ماناس» قىسمى تولۇق خاتىرىلەپ ئېلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ 1952-يىلغىچە قىرغىزىستاندىكى داڭلىق ماناس ئېيتقۇچىلاردىن «ماناس» نىڭ بىر قانچە قىسىملىرى توپلىنىپ، گېزىت-ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغان ۋە مەخسۇس كىتاب-

① «تاش قىرغىز تىلى» تىل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان دەۋر خاراكتېرىنى بىلدۈرىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇ بولۇپ، يەنسەي — ئورخۇندىكى تاشقا يېزىلغان خەتلەرگە قارىتىلغان.

چە شەكىلدە ئېلان قىلىنغان. 1952-يىلى فرۇنزا شەھىرىدە چاقىرىلغان ماناس داستانىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۇ داستاننى رەتلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن 1960-يىلىغىچە «ماناس»، «سەمەتەي»، «سېيتەك» تىن ئىبارەت 3 قىسىم تولۇق نەشىردىن چىقتى. كېيىنكى ۋاقىتتا رۇس، نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇز، تۈرك، قازاق، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى مۇشۇ نۇسخىنى ئۆلچەم قىلغان. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ساقلانماقتا.

※ ※ ※

«ماناس» دېگەن سۆزنىڭ ھازىرقى قىرغىز تىلىدا ھېچقانداق مەنىسى يوق. لېكىن ھىندىستاندا بىر دەريانىڭ ئىسمى ماناس ئىكەن. شىنجاڭدا ماناس ناھىيىسى ۋە ماناس دەرياسى بار. ئالتايلىقلاردا ئالىپ ماناش، قازاق، قارا قالپاق، ئۆزبېك، باشقىردت قاتارلىق مىللەتلەردە «ئالپامىش»، «ئالپامىس»، «ئالپامشا» دېيىلىدىغان باتۇرلۇق داستانى بار. بۇ داستاندىكى باش قەھرىماننىڭ نامى ماناس داستانىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

قەدىمكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شامان دىنىنىڭ ئەقىيدىلىرىدىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە قەھرىمانلىقنىڭ ئۇلۇغ پىرلىرى شامان دىنىدە «مانىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. قىرغىزلاردا ھازىرمۇ ئاياللارنىڭ تۇغۇتىدىكى قوللىغۇچى پىرنى «ئوماي ئانا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۆز كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىدا «ئوماي تەك ئۆگۈم قاتۇن قۇتۇڭا» دېگەن سۆزگە مەنىداش بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئېتىقادنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئېتىقادخەلق ئىچىدە ھازىرمۇ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: بىر كىشى بىرەر نەرسىدىن ئەندىشە قىلغاندا، «ئوماي ئانا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغا يسەن» دەپ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش «ھەي مانىسى، ئەۋلىيا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ تىلەيدىغان ئادەت بار، كېيىنكى چاغلاردا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەشۇ باتۇرلۇقنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان «مانىسى» ئەۋلىيانىڭ نامى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەھرىمانلىرىنىڭ نامىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ھازىرقى كۈندە بەزى تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، قىرغىزلار مىلادىنىڭ 840-يىلى ئۆزلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئۇيغۇر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ قىرغىز خانلىقىنى قۇرغان. شۇ چاغدا شامان دىنىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئەشۇ قېتىملىق سوقۇشقا باشچىلىق قىلغان رەھبىرىگە «ئالىب مانىسى» نامىنى بېرىپ خانلىققا كۆتەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن باتۇرلارغا «ئالىب مانىسى» نامى ئۆزلەشكەن. ھازىرقى كۈندە تۈركمەن، ئۆزبېك داستانىدىكى «ئالپامىس» ئاتالغۇسى «ئالىپ مانىسى» دېگەن ئاتالغۇدىن كېلىپ چىققان بولۇش مۇمكىن.

※ ※ ※

مەملىكىتىمىزدە «ماناس» نى تەتقىق قىلىش، توپلاش خىزمىتى ئازادلىقتىن كېيىن باشلاندى. 1960-يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قىرغىز تىل سىنىپىدىكى

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار پراكتىكا قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن داستاننىڭ سىمەتەي قىسمىنى دەسلەپكى قەدەم يېزىپ ئالغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ماناس» ئېپوسى مەملىكىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. 1964 — 1966-يىللىرى بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. 1979 — 1982-يىلغىچە مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا دەسلەپكى ماتېرىياللىنى رەتلەش ئىشى باشلاندى. 23 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرى، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە گېزىت-ژۇرناللاردا ياكى ئايرىم كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلدى. ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان بەش، ئالتە ئەۋلاد قىسىملىرىنىڭ پارچىلىرى ياپون تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ياپونىيىدە نەشر قىلىندى. 1982-يىلى جوڭگو ئېغىز ئەدەبىيات جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە «ماناس» ئىشخانىسى رەسمى قۇرۇلدى ۋە 84-85-يىللىرى «ماناس» نىڭ بىرىنچى كىتابى ۋە سىمەتەي قىسمى قىرغىز تىلىدا رەسمى نەشر قىلىندى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ زور يېڭىلىق بولدى. بېسىلىپ چىققان مۇشۇ ئىككى كىتابنى تەھلىل قىلساق بەزى نۇقسانلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، قىرغىزلار كۈچلۈك، ھەممىنى باشقۇرغان، ھەممىنى يەڭگەن، بارلىق تۈركىي مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئاتا مىللەت دېگەندەك مىللىي ھېسسىيات ئالاھىدە بايقىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن قىرغىزلارنىڭ يېنىسەي-ئورخۇندا خانلىق قۇرغانلىق تارىخى، يېنىسەي پۈتۈكلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كەڭ تارقالدى. بىزنىڭ ماناس ئېيتقۇچىلىرىمىز ئەشۇ تارىخ دەل «ماناس» ئېپوسىدا ساقلانغان دېگەندەك كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېڭىدىن بەزى ئاتالغۇلارنى قىستاپ كىرگۈزۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە، مەسىلەن:

يۈسۈپ مامايى ئېيتقان ۋارىيانتنىڭ 79-يىل ماشىنكىدا بېسىلغان نۇسخىسىدا:

غەربى شىمال تەرەپتە،
«ئېنىسايى» دېگەن يەر بولغان-دېيىلسە، باسما نۇسخىسىدا:
شەرقى شىمال تەرەپتە،
«ئېنىيسايى» دېگەن يەر بولغان دەپ ئۆزگەرتىلگەن. دېمەك بۇ ئاتالغۇ كېيىنكى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. خەلق ئىچىدىكى ئېيتىلىشتا بۇنداق ئاتالغۇ يوق. باشقا ئېيتىلىشلاردىمۇ بۇنداق ئاتالغۇ كۆرۈلمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قىرغىز تۇرمۇشىنىڭ بەزى ئۇششاق-چۈششەك تەرەپلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختاش تۈپەيلىدىن ئۆز-ئۆزىنى زاڭلىق قىلىشتەك مەزمۇنلارمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

قورقۇپ تۇرغان قىزچاقلار،
خالىس ئېكەن قىرغىز دەپ.

خوشال بولۇپ كۈلۈشتى،
ياقا يۇرتتىن كەلگەن خەق.
ئويىننى كۆرۈپ داڭگەتتى،
قىرغىزنىڭ ئويىنى كۆپ دېدى.
كۆڭۈلنى خوش قىلىدىغان،
بىزدە مۇنداق يوق دېدى.

تۆتىنچىدىن، بەزى خەلق ئىجادىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان تارىخىي قىسسەلەر ئېپوسنىڭ دەۋر خاراكتېرىگە لايىق بولمىغان ئاساستا كىرگۈزۈپ قويۇلغان مەسىلەن: بىرىنچى كىتابتا:

شۇنداق قىلىپ قىرغىزغا،
قالماق نامى قونۇپتۇ.
ئالبان، قىزاي نامىدا،
ئىككى قەبىلە بولۇپتۇ - دېگەن قۇرلاردىكى «ئالبان»، «قىزاي»

ئىلى ئەتراپىدا ياشىغۇچى قازاقلارنىڭ ھازىرقى قەبىلىلىرى، بەزى رىۋايەت، ماتېرىياللاردىن قارىغاندا قىزاي دېگەن بۇ قەبىلە يېقىنقى زامانلاردا پەيدا بولغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئېپوسنىڭ نەشىردىن چىققان كىتابلىرىدا كۆرۈلگەن بۇ مەسىلىلەر قىرغىز مەتبەئەچىلىكىنىڭ تېخى يېڭى ئېكەنلىكىنى، زىيالىيلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا يېڭىدىن كىرىشىۋاتقانلىقىنى، تەجرىبىسىنىڭ كامچىللىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن «ماناس» ئېپوسىنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرىنىڭ نەشىردىن چىقىشى - مەملىكىتىمىزدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ داستان (ئېپوس) چىلىق ئىشلىرى قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا راۋاجلىنىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، خەلق ئېپوسلىرى ياكى چۆچەكلەر ئەسلىدە قانداق بولغان بولسا شۇ بويىچە ئېيتىلغىنى ياخشى، كىتاب ياكى ماتېرىياللاردىن كۆرگەن مەلۇماتلارنى خالىغانچە قوشۇپ قويسا، پۈتۈن ئەسەرنىڭ تارىخىي قىممىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ياكى بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسى بۇزۇلىدۇ.

«ماناس» 23 يىلدىن بۇيانقى تەتقىقات جەريانىدا قويۇق مىللىي تۈس ئالغان، مەزمۇنغا باي، دائىرىسى كەڭ، سەككىز ئەۋلادنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممىتى يۇقىرى ئەسەر دەپ تونۇلۇپ كەلدى. لېكىن بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇندىن كېيىن يەنىلا ئىزدىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

# تۇرپان شېۋىسى توغرىسىدا

## رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

دىئالېكت — شېۋە ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رايون خاراكتېرلىك يەرلىك تىللاردۇر. دىئالېكت — شېۋىلەر بىر دىئالېكت رايونى ۋە شۇ دىئالېكت رايونى ئىچىدىكى ئايرىم بىر يەر خەلقىنىڭ ئالاقىلىشىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، تىلىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ. بۇ مۇرەككەپلىك بولۇپمۇ دىئالېكت — شېۋىلەردە روشەن كۆرۈلىدۇ. تۇرپان خەلقىنىڭ تىلى ئۆزى تەۋە بولمىغان دىئالېكتلاردىنلا ئەمەس، ئۆزى تەۋە بولغان دىئالېكتتىنمۇ خېلى پەرقلىنىدۇ. ئەگەر تۇرپان تىلىنى بىردىئالېكت دەپ قارىغان تەقدىردە، مۇشۇ دىئالېكت رايونىغا تەۋە ئايرىم يەرلەرنىڭ تىللىرىدىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ھادىسىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن: تۇرپان رايونى بويىچە «ئاكا» نى «ماكا» دېسە، تۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق مۇرتۇق يېزىسىدا «ئالاكا» دېگەنلىكى؛ «زەيكەش» سۆزىنى توقسۇندا «جاما»، پىچاندا «قىبرىم» دېگەنلىكى؛ «سودان (باكالاشكا)» سۆزىنى توقسۇن، پىچانلاردا «دومبۇر»، تۇرپاندا «دومبا» دېگەنلىكى، چۈنجىگە ھۆل ئۈزۈم ئاسىدىغان مىخلىق بادرىنى تۇرپان، پىچانلاردا «تىكەن» دېسە، پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق خاندۇ يېزىسىدا «چاققا» دېگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى.

تۇرپان تىلى دېگەندە تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى ۋە قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق قارا دۆۋە، لاپچۇق (تارىختا بۇ يەرلەرگە تۇرپان، پىچانلاردىن نۇرغۇن ئائىلە كۆچۈرۈلگەن، شۇڭا بۇ ئىككى يەر خەلقىنىڭ تىلى بىلەن بولۇپمۇ تۇرپان، پىچان خەلقلىرى تىلىدا ئورتاقلىق كۆپ) قاتارلىق كەڭ رايون خەلقلىرىنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىر دىئالېكتنى بەلگىلەشتە فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن لېكسىكىلىق ۋە گراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ.

تۆۋەندە تۇرپان تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى يەنى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

1 . تۇرپان تىلىدا بەزى تاۋۇشلارنى «گ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەدەبىي تىلدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان خاراكتېرلىك مەسىلە. مەسىلەن:

(1) سۆز تەركىبىدىكى «ۋ» تاۋۇشىنى «گە» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش بىر قەدەر ئومۇمىي. بۇ لوبنور دىيالېكتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن: جۇگاز (جۇۋاز)، جۇگا (جۇۋا)، ئۇگال (ئۇۋال)، جۇگاپلاشماق (جاۋاپلاشماق)، ئاداگەت (ئاداۋەت)، گەدە (ۋەدە)، ئاگال (ئاۋال)، پالگان (پالۋان)، پەرگۇش (پەرۋىش)، تۇگا (تاۋار)، دوگا (دۆۋە)، دۇگەت (دۇۋەت)، زەدىگال (زەدىۋال)، زۇگال (زۇۋال)، گۇپا (ۋاپا)، گۇپات (ۋاپات)، مۇگە (مېۋە)، ھاگا (ھاۋا)، ھالگا (ھالۋا)، يۇگاش (يۇۋاش) دېگەندەك.

(2) بەزى سىزلەر تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشىنى «گ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن: دۇگا (دۇئا) دېگەندەك.

(3) سۆز تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشىنىمۇ «گ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش. مەسىلەن: سوگۇن (سوپۇن) دېگەندەك.

(4) بەزى يەرلەردە سۆز بېشىدا كەلگەن «ئۇ» تاۋۇشىنىمۇ «گ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. مەسىلەن: گۇۋال (ئۇۋال) دېگەندەك.

(5) سۆز تەركىبىدىكى «ي» تاۋۇشىنى «گ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان يەرلەر بار. مەسىلەن: كۆگە (كۆيە — قازان ياكى مورىنىڭ قارىسى) دېگەندەك.

2 . «ي» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردا «ي» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىدىغان يەرلەر بار. مەسىلەن: چا (چاي)، قۇ (قوي)، تو (توي)، كانا (كارناي) دېگەندەك. شۇنداقلا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «ي» تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلماسلىق ئەھۋالىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن: ھادا (ھايدا)، ئومان (ئويمان)، ئونا (ئوينا) دېگەندەك. يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، بەزى سۆزلەردە «ي» پەيدا قىلىپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن: تايىزىم (تازىم)، لايىزىم (لازىم)، بايىنا (باھانە)، ھايلى يوق (ھالى يوق) دېگەندەك.

3 . «پ» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردا «پ» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. مەسىلەن: چاقانا كەتتى (چاي قايناپ كەتتى)، قونى قوتانغا سولا قوي (قوينى قوتانغا سولاپ قوي)، بۇ گەپنى مالاكاڭغا دە قوي (بۇ گەپنى ئاكاڭغا دەپ قوي) دېگەندەك.

4 . «بار، بەر، كىر» دېگەندەك «ر» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللار تۈرلىنىپ رەۋىشداش بولغاندا، سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشىنى «ي» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلغۇچىلارمۇ بار. مەسىلەن: بازاغا كىيىپ كىنو كۆيۈپ چىقتۇق (بازارغا كىرىپ كىنو كۆرۈپ چىقتۇق) دېگەندەك.

5 . «ماي، مەي» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان پېئىللىك بولۇشسىز شەكلىدە «ماي، مەي» قوشۇمچىسىدىكى «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنى «ئى» سوزۇق تاۋۇشىغا ئاجىز لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلارمۇ بار، مەسىلەن: بامىيمەن (بارمايمەن)، يېمىيمەن (يېمەيمەن)، دېمىيمەن (دېمەيمەن) دېگەندەك.

9 . بەزى سۆزلەردە «غ» تاۋۇشىنى «ي» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن: ئىت قويلا كەتتى (ئىت قوغلاپ كەتتى) دېگەندەك.

7 . سۆز تەركىبىدىكى «پ» تاۋۇشىنى «ۋ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلارمۇ بار. مەسىلەن: كۆۋۈك (كۆپۈك)، سوۋۇن (سوپۇن) دېگەندەك.

8 . بەزى سۆزلەر تەركىبىدىكى «گ» تاۋۇشىنى «غ» لاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەھۋالمۇ بار. مەسىلەن: ھاڭغا (ھاڭگا — ئىشەكنىڭ ئەركىكى)، ھاڭغىرىماق (ھاڭگىرىماق) دېگەندەك.

9 . سۆز تەركىبىدىكى «ئا» سوزۇق تاۋۇشىنى «ئە» تەلەپپۇز قىلىش ئەھۋالىمۇ بار. مەسىلەن: خەڭگە (خاڭگا — تەرخەمەك) ، ئەيلە (ئايلا)، جەڭدۇ (جاڭدو)، ئۇكە (ئۇكا)، ئەيشەم (ئايشەم) دېگەندەك.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان توققۇز تۈرلۈك فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بەزىلىرى پۈتۈن تۇرپان رايونىغا تەئەللۇق بولسا، بەزىلىرى ئايرىم يەرلەرگە تەئەللۇق.

## ئىككىنچى، لېكسىكا جەھەتتە

1 . تۇرپان رايونى تىلىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى دىئالېكت تىلى بىلەنمۇ ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن، مەسىلەن:

(1) تۆۋى (ئۆگزە)
(2) جۆجەك (چۆچە)
(3) چامچا (كۆينەك)
(4) دابايا (بايا)
(5) داشناق (شۇنداق)
(6) دايناق (ئۇنداق)
(7) دەنە (ئەنە)
(8) دۈگگەي (دۈمبە)
(9) زاڭكار (مەينەت، پاسكىنا)
(10) زۇلپۇك (ھەرە، بوغۇن)

(11) سۆپسۆر (ساپ - سېرىق)
(12) شۆپتۆر (پاسكىنا)
(13) سىۋىت (خوشخەۋەر)
(14) شىۋەكچى (گەپ تاپقۇچى)
(15) گۆدرەڭگە (ئوڭدىسىغا)
(16) مايداڭ (چاقچاق)
(17) ھەپسەر (يەپ تويماس)
(18) ئۆچۆگە (ئۆچەي)
(19) يۇپۇڭ (يېلىڭ)
(20) يېسۋىلەك (بەسەي)

يۇقىرىقىدەك سۆزلەر مۇشۇ رايون خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

2 . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن بىر مۇنچە سۆزلەر شەكلى ئاز - تولا ئۆزگەرگەن ھالدا (مەنىسى ئوخشاش) تۇرپان تىلىدا ساقلانغان. بۇ سۆزلەر مۇشۇ رايون دائىرىسىدە ئالاقىلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا. (مەسىلەن)

(1) ئارىخ (تازا، پاكىزە) I توم 86 - بەت.
(2) ئالاچۇ (ئالچۇق) I توم 184 - بەت.
(3) بارلىغ (قول ئىلكىدە بار) III توم 595 - بەت.
(4) باغىرساق (كۆيۈمچان، مېھرىبان) I توم 653 - بەت.
(5) پۈتۈگە (پىدىگەن) I توم 583 - بەت.
(6) تەگشۈت (تەشكۈت - بەدەل، ھەمكارلىق) I توم 589 - بەت.
(7) تەم (دەم - تىرەك) I توم 439 - بەت.
(8) تۇرما (ئاقتۇرما، تۇرۇپ) I توم 562 - بەت.
(9) تۈرمەك (تۈرمەل تاماقنىڭ بىر تۈرى) I توم 622 - بەت.
(10) تۈگى (ئاقلانغان تېرىق) III توم 317 - بەت.
(11) زەپ - زەپ (تېز؛ جايىدا جىم تۇرمايدىغان) I توم 418 - بەت.
(12) سارسىماق (دۇشكەلىمەك) II توم 491 - بەت.
(13) سوغۇلغان (سوغۇلۇش، ئازىيىپ كېتىش ) II توم 173 - بەت.
(14) سىرتىغ (خەۋەر، دېرەك) I توم 605 - بەت.
(15) قابۇغ (قوۋۇق، دەرۋازا) III توم 78 - بەت.
(16) قوغۇش (قوش، نۇر) I توم 478 - بەت.
(17) كىرىت (كىلىت، ئاچقۇچ) I توم 463 - بەت.

(18) كۆسۆرگە (كۆسۆتكە) I توم 638، 677 - بەتلەر.

(19) ياملادى (سۆپۆردى) III توم 424 - بەت.

(20) يابقالدى (چابقالدى) III توم 147، 339 - بەتلەر.

3 . تۇرپان تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن سۆزلەر كۆپ-رەك. بۇ سۆزلەر مۇشۇ رايون خەلقىنىڭ تىل خۇسۇسىيىتىگە بويسۇندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن دەرھال پەرق ئېتىش قىيىن. تۇرپان خەلقى خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىل-غاندا ئوخشىمىغان ئۇسۇللار قوللانغان. ھەتتا خەنزۇچە پېئىللىغا ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ پېئىللاشتۇرۇپ ئۆز لۇغەت تەركىبىنى بېيىتقان ۋە پې-كىر ئالماشتۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرغان. مەسىلەن:

(1) بەچەي (بەسەي)

(2) پىگازا (يەكشىز ئوك جۇۋا)

(3) جەيلىمەك (قەرز ئالماق)

(4) جولىماق (تاپشۇرماق)

(5) جىلى بولماق (تىت - تىت بولماق)

(6) خىزا (تار كوچا)

(7) دەندۈر (ئۈلگۈجە)

(8) دوبازا (ھورلۇق نان)

(9) ساخو (دۆت، گالۋاڭ)

(10) كەنجازا (جىلىتكە)

(11) گاڭگۈڭ (باتۇر، يىگىت)

(12) گۇڭدو (خالىس)

(13) لوۋەن (چوڭ غېدىر)

(14) ماجازا (يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇق)

(15) مۇرجاڭ (مۇجاڭ، ياغاچچى)

## ئۈچىنچى، گىراماتىكا جەھەتتە

1 . ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «ئۇ ئاتىسىنى ماڭغۇزۇۋەتتى»، «ئۇ بالىسىنى ياتـ-قۇزۇپ قويدى»، «ئۇ بالىسىغا تاماق يېگۈزۈپ قويدى»، «پۇلنى كاسسىغا ساق ئۆتكۈ-زۈپ بەردىم» دېگەندەك جۈملىلەر تۇرپان تىلىدا «ئۇ ئاتىسىنى ماڭغۇرۇۋەتتى»، «ئۇ بالىسىنى ياتقۇرۇپ قويدى»، «ئۇ بالىسىغا تاماق يىگۈرۈپ قويدى»، «پۇلنى كاسسىغا ساق ئۆتكۈرۈپ بەردىم» دېگەندەك شەكىلدە تۈزۈلىدۇ. دېمەك، تۇرپان تىلىدا پېئىللار-نىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى «غۇز، قۇز، گۈز، كۈز» بولماستىن «غۇر، قۇر،

گۆر كۆر» دېگەنلەردىن ئىبارەت. تۇرپان تىلىدىكى بۇ قوشۇمچىلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى قوشۇمچىلارنىڭ ئەينىسى.

2 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۈپەتداشلارنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ بىر تۈرى «ئار، ئەر» لەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالار»، «ئۇ بۈگۈن كەلمىسە ئەتە كېلەر» دېگەندەك. لېكىن تۇرپان تىلىدا بۇ قوشۇمچىلار ئورنىدا «ئۇر، ئۈر» قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالۇر»، «ئۇ بۈگۈن كەلمىسە ئەتە كېلۈر» دېگەندەك.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي تىل مەلۇم بىر دىئالېكت — شېۋە ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئەدەبىي تىل قائىدە-نورمىغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، دىئالېكت شېۋىلەر ئەدەبىي تىلغا چوقۇم بويسۇنىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ بۇ قائىدە نورمىلىرى تىلدىكى بىر خىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تىلدىكى بىر خىللىق مىللەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئەدەبىي تىل دىئالېكت شېۋىلەرنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىپ بارىدۇ.

دىئالېكت شېۋە ئۆز رايون خەلقلىرى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان بىلەن ئومۇمەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى — ئالاقىلىشىشنى تولىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ھەر كىشى ئەدەبىي تىل بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم.

گەرچە تۇرپان تىلىدا يۇقىرىقىدەك تىل ھادىسىلىرى مەۋجۇت بولسىمۇ، تۇرپان تىلىنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان ئورتاقلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدەبىي تىلنىڭ تەسىرى، تۈرلۈك ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي تېپىشى ۋە تۇرپان زىيالىيلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەدەبىي تىل بىلەن تۇرپان تىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زور دەرىجىدە ئازايدى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئازىيىشى لازىم.

يۇقىرىدىكى تىل پاكىتلىرى تۇرپان رايونىنىڭ تىلىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

## ئەلشىر ناۋائىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى

△ كىشىلەر ئۈچۈن پايدا يەتكۈزۈۋاتقان بولساڭ، بۇ پايدا كىشىلەردىن كۆرە ئۆزەڭگە كۆپرەكتۇر.

△ يامانلىق قىلغۇچىلار، ئۆزلىرىمۇ يامانلىق كۆرىدۇ.

△ بىلىمسىز تىۋىپلار جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر، جاللات تىغ بىلەن ئۆلتەرگۈچى زالىم بولسا، بىلىمسىز تىۋىپ زەھەر بىلەن ئۆلتەرگۈچى زالىمدۇر.

# يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى—لۇ مىڭشەن

ۋاڭ جىەي

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتاقلىق سىياسىئونلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، سەنئەتكارلار ۋە نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەر بارلىققا كەلگەن. يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇ مىڭشەن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەينى زاماندا «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابنى يازغان.

لۇ مىڭشەن XIII — XIV ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇنىڭ ئاتىسى گازناداس يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر تەرجىمان ئىدى. لۇ مىڭشەن كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان ۋە چوڭقۇر مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن ئەسەرنى يېزىشتا، ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىغا دائىر مىراسلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك كىتابى تۈزۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابقا ئەزەلدىن بۇيان ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلىپ كەلمەكتە. «دەستۇر، تارىخ، دانىشمەنلەر ۋە كىتاب توپلاملىرى ھەققىدىكى كىتابلار ئومۇمىي مۇندەرىجىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» دېگەن كىتابتا «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملەر بويىچە سىستېمىلىق، ئېنىق، ئاممىباب يېزىلغان، ئۇنىڭدىكى تېرىقچىلىق ۋە يىغىش - ساقلاشقا دائىر بايانلار كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەزمۇنى ئىلگىرى يېزىلغان يېزا ئىگىلىككە ئائىت كىتابلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن مول بولۇپ، ھەقىقەتەن قىممەتلىك كىتابتۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. ۋاڭ يۈيخۇ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» نىڭ يېڭى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدىمۇ: «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېزا ئىگىلىك مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملەر بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن مۇھىم كلاسسىك كىتابتۇر» دەپ تىلغا ئالغان. بۇ پىكىرلەر ناھايىتى توغرا.

ئېلىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئېلىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى مىراسلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. لۇ مىڭشەننىڭ «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دېگەن كىتابى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ، ھاۋارايى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىككە دائىر

يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى، ھەتتا گۆش، ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمى، كۆكتاتلارنى چىلاش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابتا كىشىلەرنىڭ ھەربىر مەۋسۇمدە شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرى يېزىلغان ھەم ھەربىر پائالىيەتكە ئىخچام ئىزاھات بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ پائالىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىمۇ چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇنى ئوبدانراق چۈشىنىش ئۈچۈن، 1 - ئاي (قەمەرىيە كالىندارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالمۇ شۇنداق) دا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتكە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قاراپ باقايلى: «كالا — دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسى. ئائىلە باشلىقى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى، ھەر كۈنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوت - سۇ بېرىشى كېرەك. سۇ كالىسى يازدا سۇغا كىرىۋالىدۇ، ئۇنى يېقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، قىشتا ئىسسىق جايدا ئوبدان بېقىش كېرەك. بىر كالىدا يەتتە ئادەمنىڭ كۈچى بار. كالا ھايۋان بولغىنى بىلەن مىجەز - خۇلقى ئادەمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئوبدان ئاسرىماي بولمايدۇ». لۇمىڭشەن كەندىر تېرىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: كونىلاردا «يەرنى ئون قېتىم ھەيدەپ تۇرۇپ تېرىغۇلۇق، توققۇز قېتىم ھەيدەپ كەندىر تېرىغۇلۇق» دېگەن بىر گەپ بار. لۇمىڭشەن يەنە ئارپا، بۇغداي تېرىقچىلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ كۆپ توختالغان.

ئەجدادلار بىلەن دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم. لۇمىڭشەن بۇ نۇقتىغا ناھايىتى دىققەت قىلغان. لۇمىڭشەن ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى ئىكەن، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى تۇرغان گەپ. «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساسلار» دا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە تۆل ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان. كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «12 - ئاي (قەمەرىيە كالىندارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دا ئېلىنغان تۆللەر ئوبدان ئەي بولىدۇ، 1 - ئالدا ئېلىنغان تۆللەر تېخىمۇ ياخشى ئەي بولىدۇ. چارۋا ماللارنى ئەتىياز، يازلاردا بالدۇرراق ئوتلىتىپ، بالدۇرراق ياندۇرۇپ ئەكەلگەن ياخشى. بۇنداق چاغلاردا ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، چارۋا ماللار ئاسانلا تەرلەپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغدا ماللار چۈشتە قوتانغا ياندۇرۇلۇپ كېلىنسە، ئۈستى - بېشىغا چاڭ - تۇزاڭ قونۇپ يارا بولۇپ كېتىدۇ. ماللارنى كۈز كۈنلىرىدە كېيىنرەك باققىلى ئېلىپ چىقىش لازىم. چۈنكى بۇنداق چاغدا شەبنەم چۈشىدۇ، ماللار شەبنەم تارقىمىغان ئوتنى يەۋەرسە، ئاغزىغا يارا چىقىدۇ، بۇرنى يىرىڭداپ كېتىدۇ. ماللارنىڭ ئايىغى قۇرۇقدالماي چىلە بولۇپ كەتسە، ئاقسىل كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. قويلار تۇزغا ئامراق، ئۇلارغا پات - پات تۇز بېرىپ تۇرۇش بەك پايدىلىق. كېسەل بولغان قويلارنى ساق قويلاردىن ئايرىپ بېقىش لازىم». بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان قوي بېقىشقا دائىر تەجرىبىلەر بۈگۈنكى كۈندىكى چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە بەكمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)**

**№ · 2 1987** **(Total: № · 30)**

## CONTENTS

On the Relationship between Spiritual Civilization and Socialist Law ········ ······ *Keyum Kurb n* 1

A Preliminary Inquiry into National Legislation ·············· *Zhu Wencheng* 12

A Comparison between the Relation of Cause and Effect in Philosophy and that in Criminal Law ······ *Alim Saiypi* 28

A Preliminary Inquiry into the Strategic Focal Point in the Economic Development of Xinjiang ······ *Ism·yil Niyaz* 34

An Analysis of Ailishier Nawayi's Philosophical Thinking ······ *Abduxukur Muhamad Imin* 43

A Talk about the Philosophical Thinking in the Uygur Proverbs ······ *Abdurusul Kadir* 67

Character and Temperament ······ *Vumar Osman* 77

The Aesthetic Principle in the Novel «The Explorer's Footprint» ······ *Sharfidin Vumar* 91

On How to Tackle the Problem of the Authors and Works of Different Countries and Different Nationlities in the History of National Literature ······ *Shirin Kurban* 105

A Preliminary Discussion on the Historical Position and Important Role of the Uygur Townspeople in Folk Literature ······ *Yuan Zhiguang* 117

«Manass»· the Long Epic of the Kirgiz ······ *Turganbay Kiliqbək* 129

A Talk on Turfan Dialect ······ *Ravəydull Hamdulla* 135



كۇچاردىكى بۇددا خارابىسى — چوكىرى ئىبادەتخانىسى


**شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى**

新疆大学学报

(哲学，社会科学维文季刊)

(پەسىللىك ژۇرنال)

1987 - يىل 2 - سان

(ئومۇمى 30 سان)

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشىر قىلدى

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ش.ئۇ.ئا.ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش كىنىشكە نومۇرى 321

ۋاكالەت نومۇرى 13—58

باھاسى: 0.50 يۈەن